11
2013

# يېزا پەن . تېخنىكىسى



ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئاساسىي قاتلام
ئاخبارات ـ تەشۋىقات خىزمىتىدىكى تۆھپىكار
مۇخبىر ـ ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يورۇڭقاش

农村科技

ISSN 1004-1095
11>
9 771004 109006


ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يورۇڭقاشنىڭ ھايات گۈلشەنىدىن تەرمىلەر

2013 - يىل 11 - سان
(ئومۇمىي 343 - سان)

يېزا ئىگىلىك - تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.


# بۇ ساندا

## تېرىش پەرۋىش


كۆزگى بۇغداينىڭ قىشتىن ئىلگىرىكى پەرۋىشى.......................... ئابلەت ئابلىز (1)


## ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى


ئەڭ ياخشى ئەسلىھە قوغۇن سورتى«سېرىق شاپاق 9818» ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ....... ئەركىن ياسىن (3)
پارنىكتا كۆكتاتلارنى تاختىلاپ ئۆستۈرۈشنىڭ ئەۋزەللىكى ......... ئەركىنئاي مۇھەممەت (5)
پارنىكتا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ........................................ تاھىر ئەخمەت (6)


## ئوغۇت تۇپراق


ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.......................ئەنۋەر تۇرسۇن (9)
ئۈزۈم تېلىنى ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ........................................رابىيەم ئىسمائىل (11)


## باغۋەنچىلىك


تۆۋەن مەھسۇلاتلىق نەشپۈتلۈك باغلارنىڭ پەرۋىشى ......................راخمان توختى (13)
ئالما دەرىخىنى قىشلىق چاتاش ۋە دەرەخ شەكلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭى تېخنىكىسى ....ئەھەتجان ئەلى (16)
مېۋىلىك باغ مۇھاپىزەت ئورمىنى بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ............ رەيھانگۈل ھۇسىيىن (18)
مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۈششۈك ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يېنىكلىتىش چارىسى ...پاتىمەم ئەرشىدىن (20)
تۆۋەن ھوسۇللۇق ئۆرۈكلۈك باغلارنى يېڭىلاش ئۇسۇلى ............... رەيھانگۈل رېقىپ (22)


## ئۆسۈملۈك ئاسراش


ئالما قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ......گۈلمىرەم رەخمىتۇل (24)
كېۋەز غوزا قۇرتى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ...................پاتىگۈل ئوبۇل قاتارلىقلار(27)
مۇچ بۇزغۇچ زەمبۇرۇغ كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ..................خەمىدە قۇربان (29)
ئالمىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىسى.........................................رەيھانگۈل ئابدىۋەلى (30)

## سۇچىلىق

سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزىنى قىش پەسلىدە ئاسراش ...........مۇيەسسەرجان قۇربانىنياز (34)
سۇ ئامبار قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھمىيىتى ............................ ئايشىنۇر غېنى (36)
يېزا - قىشلاقلاردىكى ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك
............................................ ئابلەت غوجامنىياز (37)
ئۆستەڭلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراش ...........................ئابلاجان ئاخۇن (39)
سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى رولى .... مېھرىگۇل مۆمىن (40)

## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

يېڭى تۇغۇلغان موزايلاردىكى قەۋزىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .......ئايزىمگۇل ئابلىز (41)
كۆشگۆچى چارۋىلارنىڭ شال پاخىلىدىن زەھەرلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش
............................................ ئىززەتگۇل جامال (42)
توخۇ باقمىچىلىقىدا يەم - خەشەك تېجەش ئۇسۇلى ...................... رازاق تۇردى (43)
موزايلاردىكى ۋىتامىن A يېتىشمەسلىك كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئۇسۇ -
لى.........................................مەمەت توختى (45)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

زىرىنى ماشىنا بىلەن تېرىش ئۇسۇلى ...........................باھارگۇل تۇرۇپ (47)

## ساقلاش، پىششىقلاش

زىرائەت ئۇرۇقىنىڭ ئۆمرى زادى قانچىلىك بولىدۇ...........ئايشەمگۇل تاش قاتارلىقلار (48)
بۇغداي ئۇرۇقىنى ساقلاش ئۇسۇلى ........................ئاسمىگۇل ئابلىمىت قاتارلىقلار (50)

## تۆھپىكارلار

مېھنەت بىلەن گۈللەنگەن مەنىلىك ھايات ..............................ھەلىمە تۇرسۇن (52)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ...............(58)

## بىلىۋىلىڭ

دېھقان ئىشلەمچىلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار .......پاتىگۇل تەۋەككۇل (59)
ئاپتورلار سەمىگە........................................................ (60)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت

农村科技
Rural Science & Technology
2013年第11期
总343期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

冬小麦入冬前管理 …… 阿不来提·阿布力孜(1)

## 设施农业

最佳设施甜瓜品种《黄皮9818》及栽培技术要点 …… 艾尔肯·牙生(3)
温室蔬菜畦面栽培要点 …… 艾尔肯娜·买买提(5)
温室葡萄栽培方法 …… 塔依尔·艾合买提(6)

## 土壤肥料

有机肥使用要点 …… 艾尼瓦尔·吐尔逊(9)
葡萄施肥方法 …… 热比艳木·司马义(11)

## 园艺特产

低产香梨园的管理 …… 热合曼·托乎提(13)
苹果树冬剪及树形改作新方法 …… 艾海提·艾力(16)
果园防护林造林要点 …… 热依汉·玉苏音(18)
果树冻害防治及减轻方法 …… 帕提曼·艾西丁(20)
低产杏园更新方法 …… 热依汗·热克甫(22)

## 植物保护

苹果红蜘蛛发生规律及防治方法 …… 古丽米热姆·热合木吐力(24)
棉铃虫防治方法 …… 帕提古丽·吾布力等(27)
辣椒疫霉病防治方法 …… 海米旦·库尔班(29)
苹果病虫害综合防治技术 …… 热依汗古丽·阿不都外力(30)

## 农田水利

测水断面冬季保护 …… 米叶斯尔江·库尔班尼亚孜(34)
水库修建意义 …… 阿衣西努尔·艾尼(36)
必须重视农村饮用水问题 …… 阿不来提·吾吉尼亚孜(37)
渠道管理及保护 …… 阿卜拉江·阿洪(39)
水利工程对农业生产的作用 …… 米克热古丽·莫明(40)

## 畜 牧 兽 医

新生犊牛便秘防治方法 ……………………… 阿依孜木古丽·阿不力孜(41)
反刍动物稻草中毒防治 ……………………… 依再提古丽·加马力(42)
养鸡业节省饲料方法 ……………………… 热扎克·托尔地(43)
犊牛缺乏维生素 A 症及防治方法 ……………………… 买买提·托乎提(45)

## 农 机 管 理

孜然机械化播种方法 ……………………… 巴哈尔古丽·吐鲁甫(47)

## 加 工 储 藏

种子寿命多长 ……………………… 阿依夏木·塔西等(48)
麦种储藏方法 ……………………… 阿斯姆姑里·阿卜力米提(50)

## 当 代 先 锋

奋斗的光辉一生 ……………………… 艾力曼·吐尔逊(52)

## 法 律 常 识

中华人民共和国未成年人保护法 ……………………… (58)

## 百 科 知 识

农民工问题解决注意事项 ……………………… 帕提古丽·太瓦苦力(59)
读者须知 ……………………… (60)



主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　　编：艾力曼·吐尔逊　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：阿布来提·艾比布拉　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　定价: 2.00 元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅: 全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004 – 1095
国内统一刊号：CN 65 – 1046 / S – W
邮 政 代 码：58 – 123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# كۆزگى بۇغدايىنىڭ قىشتىن ئىلگىرىكى پەرۋىشى

ئابلەت ئابلىز

(ئۈنسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 843000)

كۆزگى بۇغداينى تېرىشتىن ئىلگىرى ئەلا سورتلۇق، يۇقىرى ھوسۇللۇق، كېسەللىككە، ناچار شارائىتقا چىدامىلىق سورتنى تاللاپ، ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك تەييارلاپ، ئورۇق سوپىتىگە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا، سوپەتلىك تېرىپ، قىشتىن ئىلگىرىكى پەرۋىشنى ياخشى ئىشلەپ، مايسىلارنىڭ تولۇق، تىمەن ئۆسۈشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەر مودىكى مايسا سانىغا ۋە مايسىنىڭ تۈپچە سانىغا كاپالەتلىك قىلىپ، قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە ئاساس سېلىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

1. مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، مايسا كەم جايلارغا مايسا تولۇقلاپ (تولۇقلاپ تېرىلىدىغان ئورۇق ئەسلىدىكى تېرىلغان سورت بىلەن ئوخشاش بولۇش لازىم) تېرىپ، مايسىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. مايسىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە ئاساس سېلىش لازىم. مايسىسى ئاجىز ئۆسكەن ئېتىزلارنى نۇقتىلىق پەرۋىش قىلىپ، قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈش دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش، كېچىكىپ تېرىلغان كۆزگى بۇغدايغا مۇۋاپىق مىقداردا مايسا ئوغۇتى بېرىپ، ئۆسۈشىنى تېزلىتىش لازىم. ۋاقتىدا تېرىلغان، ئەمما ئوغۇت ھەم سۇ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ئاجىز ئۆسكەن مايسىلارنى مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش كېرەك.

3. ئەگەر تۇپراق شورلۇق بولۇپ، مايسا ئاجىز ئۆسكەن بولسا، شور ئۆر-

لىگەن يەرلەردىكى شورنى ۋاقتىدا قىرىپ، ئېتىز سىرتىغا ئاچىقىۋېتىش بىلەن بىرگە، يەرنى ۋاقتىدا يۇمشىتىپ، تىرنىلاپ قايتا شور ئۆرلەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

1. كۆزگى بۇغدايغا مۇۋاپىق ۋاقىتتا توڭ ياتقۇزۇپ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۆزگى بۇغدايغا توڭ ياتقۇزۇش، قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، تۇپراق تېمپېراتۇردىسىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، نەملىكنى ساقلاپ، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، شورنى باستۇرۇپ، ئۈششۈكتىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئادەتتە ئوتتۇرىچە هاۋا تېمپېراتۇرىسى 3℃ ـ 5℃ بولغان، يەر كېچىسى توڭلاپ كۈندۈزى ئېرىيدىغان، سۇغارغاندىن كېيىن سۇ يەرگە تولۇق سىڭمەيدىغان، ئېتىز يۈزى قېتىپ يېرىلىپ كەتمەيدىغان مەزگىلدە توڭ ياتقۇزسا بولىدۇ، بالدۇر تېرىلغان ھەر مو كۆزگى بۇغدايلىقنى 60 ـ 70 كۇب مېتىر سۇ بىلەن توڭ سۈيىنى ياتقۇزۇش كېرەك. ئويمان يەرلەردە يىغىلىپ قالغان سۇنى ۋاقتىدا چىقىرىۋېتىش لازىم.

2. يەر توڭلىغاندىن كېيىن ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، يۇمشاق توپا ياكى قۇم بىلەن كۆزگى بۇغداينى توپىلاش ئارقىلىق، تۇپراق يېرىقچىلىرىنى ئېتىپ، مايسا يىلتىزىنىڭ شامالداپ، سوغۇقتا ئۈششۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

3. كۆزگى بۇغدايلىققا مال ـ چارۋىلارنى قويۇپ بېرىشكە قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى مال ـ چارۋىلار بۇغداي مايسىلىرىنى دەسسەپ چەيلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇغداينىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە تەسىر يېتىدۇ. يەنە بۇغدايلىقتا تىراكتور، هارۋا قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنى هەيدەشكە بولمايدۇ. (03)

# ئەڭ ياخشى ئەسلىھە قوغۇن سورتى «سېرىق شاپاق 9818» ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ئەركىن ياسىن
(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى قوغۇن تەتقىقات مەركىزىدىن، 830091)

مەخسۇس ئەسلىھەلىك ئۆستۈرۈلىدىغان قوغۇن، تاۋۇز يېڭى سورتلىرىنىڭ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆلگە كۆرسىتىش تەتقىقات تېمىسى (20101231553) دىكى يولداشلار بىرلىكتە، 2011 ـ يىلى، 2012 ـ يىلى 2013 ـ يىلى ئۇدا ئۈچ يىل ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا «شۆلى» (雪丽)، «شۆلىخوڭ» (雪里红)، «شىنجاڭ قوغۇنى ـ 20» (新密 20 号)، «شىنجاڭ قوغۇنى ـ 12» (新密 21 号)، «شىنجاڭ قوغۇنى ـ 28» (新密 28 号)، «سېرىق شاپاق 9818» (黄皮9818)، «شيەنگو» (仙果) قاتارلىق قوغۇن سورتلىرىنى ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش سىنىقى ئېلىپ باردى. نەتىجىسىدە يۇقىرىقى سورتلار ئىچىدە «سېرىق شاپاق 8189» نىڭ ئىپادىسى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، قەنت تەركىبى يۇقىرى، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى قىسقا، شەكلى كۆركەم، تاۋارلىق قىممىتى يۇقىرى، بازىرى ئىتتىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئەسلىھەلىك ئۆستۈرۈلىدىغان ئاساسلىق سورتقا ئايلاندى.

**1. سورت ئالاھىدىلىكى:** بۇ ئارا پىشار شالغۇت سورت بولۇپ، چېچەكلەپ پىشقانغا قەدەر 45 كۈن كېتىدۇ. بۇ خىل قوغۇن تۇخۇم شەكىللىك، شاپىقى سېرىق بولۇپ، زىچ تورلىشىدۇ، يەككە ئېغىرلىقى 1.5 ـ 2 كىلوگرام كېلىدۇ، ئېتى ئاپىلسىن رەڭلىك، يۇمشاق چۇرۇك، تەملىك بولۇپ، ئوتتۇرىسىنىڭ قەنت تەركىبى 18% ئەتراپىدا كېلىدۇ. كېسەللىككە چىدامىلىقى باشقا سورتلارغا قارىغاندا بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، مو بېشى تاۋار قوغۇن مەھسۇلاتى 1000 ـ 1500 كىلوگىرامغا يېتىدۇ. بۇ خىل قوغۇننىڭ خەمەكلەش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 2000 كىلوگىرامغا يېتىدۇ.

**2. ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار:** ئەسلىھەلىك ئۆستۈرۈش پارنىك، سۇلياۋ كېمىر، تېمىتىپ سۇغىرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تېمىتىپ سۇغىرىش ماشىنا بىلەن مەشغۇلات قىلىشقا

قولايلىق بولۇپ، چوڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ. تىمتىپ سۇغىرىپ ئۆستۈرۈش كەڭ، تار سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، كەڭ سۇلياۋ يوپۇققا ئىككى قۇر تېرىغاندا پىلەك چىرمىشىۋېلىپ، پىلەك تارايدىغان ئەمگەك سىخقىللىقى ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا تېمىتىپ سۇغىرىپ ئۆستۈرۈشتە 90 سانتىمېتىرلىق سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ، تۈپ ئارىلىقىنى 50 سانتىمېتىر، قۇز ئارىلىقىنى 1.2 ـ 1.5 مېتىر قىلىپ، بىر قۇر قوغۇن تېرىسا، پىلەك چىرماشىدۇ.

بۇ خىل قوغۇننى تەكرار تېرىشقا بولمايدۇ، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرگە كىرىشتۈرۈپ تېرىسا بولىدۇ. ئۈنۈمدارلىقى ئوتتۇرىھالدىن يۇقىرى تۇپراقلاردا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ. ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. تاۋارلىق قىممىتىنى يۇقىرىلىتىش ئۈچۈن، پىلىكنى تاق پېلەك قالدۇرۇپ تاراپ، 7 ـ بوغۇمدىن يۇقىرىسىدا خەمەك توختىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. چوڭ كۆلۈمدە تىمىتىپ سۇغىرىپ ئۆستۈرگەندە ئەمگەك كۈچىنى تېجەش ئۈچۈن، پېلىكنى تارىماي، دەسلەپتە چۈشكەن خەمەكنى ئۈزۈۋەتسىلا بولىدۇ. قوغۇن يېرىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تورلىنىش ۋاقتىدا ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىشنى كونترول قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. قوغۇن تورلاشقاندىن كېيىن ئۈزۈۋالغىچە كەم دېگەندە بىر قېتىم ئۆرۈسە، تەكشى رەڭلىنىپ، ئاسان زىدە بولمايدۇ. قوغۇن ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىسا، قوغۇننىڭ سۈپىتى يۇقىرىلاپ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامچانلىقى ئاشىدۇ. كېسەللىك، هاشارات زىيانداشلىقى تورلىنىشۋاتقان مەزگىلدە ئاسان پەيدا بولىدۇ، شۇڭا بۇ مەزگىلدە كېسەللىك، هاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان تېرىقچىلىق رايونلىرىدا، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقى، مۇھىت شارائىتى ۋە ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولماسلىق تۈپەيلىدىن، قوغۇن يېرىلىش، چالا تورلىنىش ياكى تورلاشماسلىق، ئاز تورلىنىش، سىرتقى شەكلىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئوخشاش بولماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. شۇڭا ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىش كېرەك. (03)

# پارنىكتا كۆكتاتلارنى تاختىلاپ ئۆستۈرۈشنىڭ ئەۋزەللىكى

ئەركىنئاي مۇھەممەت
(غۇلجا ناھىيە خۇدىيەيۈزى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835100)

پارنىكتا كۆكتاتلارنى ئىمكان بار تاختىلاپ ئۆستۈرۈش كېرەك. تاختىلاپ ئۆستۈرۈشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەۋزەللىكلىرى بار:

1. پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى ئۇزۇن بولغاچقا، يىلتىز سىستېمىسى كۈچلۈك بولمىسا بولمايدۇ، تاختىلاپ ئۆستۈرسە تېرىلىش قەۋىتى قېلىن بولىدۇ.

2. تاختىلاپ ئۆستۈرگەندە تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىشكە پايدىلىق. قىشتا كۈن نۇرى ئاجىز، تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغاچقا، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. تاختىلاپ تېرىغاندا 10 ـ 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى 1℃ ـ 3℃ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشىلىنىپ، مايسىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولىدۇ.

3. سۇغىرىش، ئوغۇتلاشقا پايدىلىق بولۇپ، سۇغارغاندىن كېيىن تۇپراق ئاسان قېتىۋالمايدۇ. ئوغۇتلىغاندا ئېرىتمە قويۇقراق بولسىمۇ مايسىغا بىۋاسىتە زىيان يەتمەيدۇ. كېسەللىك مىكروبلىرى سۇغىرىش جەريانىدا يامراپ كەتمەيدۇ.

4. كۆكتات تۈرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تاختىنىڭ كەڭ ـ تارلىقىنى مۇۋاپىق بېكىتكىلى بولىدۇ. ئادەتتە تەرخەمەك تېرىلىدىغان تاختا كەڭلىكى 120 سانتىمېتىر، كەڭ قۇرى 70 سانتىمېتىر، تار قۇرى 50 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ. شوخلا تېرىشتا تاختا كەڭلىكى 140 سانتىمېتىر، كەڭ قۇرى 80 سانتىمېتىر، تار قۇرى 60 سانتىمېتىر قىلىنىپ، ئىككى قۇر مايسا تىكىلىدۇ. تاختا ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، تۈپ ئارىلىقىنى كۆكتات تۈرىگە قاراپ بېكىتسە بولىدۇ. (02)

# پارنىكتا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

تاھىر ئەخمەت
(توقسۇن ناھىيەلىك باغ ئورمان مېۋىچىلىكنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش مەركىزىدىن 838100)

**1. پارنىك يېرىنى تاللاش:** ئادەتتە كىسلاتالىق ـ ئىشقارلىق دەرىجىسى 7 ـ 8 بولغان قۇمساڭ ئەت تۇپراق تاللىسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ. ئىسسىقلىق ساقلىشى ياخشى بولغان خىش قۇرۇلمىلىق پولات جازا ئەگمىلىك پارنىك ياساپ، پارنىك يۆنىلىشىنى شەرقتىن غەربكە، پارنىك يۈزىنى جەنۇبقا قارىتىش لازىم. پارنىك كەڭلىكى ئادەتتە سەككىز سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئۈزۈنلۇقى 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قىلىنىدۇ.

**2. چۆنەك ئېچىش:** پارنىك ئوتتۇرىسىدىن شەرقتىن جەنۇبقا قارىتىپ 80 سانتىمېتىر كەڭلىكتە، 70 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۆنەك ئېچىلىدۇ. چۆنەك ئاستىغا 5 ـ 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمۈر توپىسى ياكى لاۋا، شاخ ـ شۇمبا يېيىتىپ، 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قوي قىغى ياكى باشقا ئورگانىك ئوغۇت قويۇپ، توپا بىلەن تىندۇرۇپ ئۆلچەملىك ئېرىق تارتىلىدۇ، ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆلچەملىك باراڭ ياسىلىدۇ.

**3. سورت تاللاش:** تەۋەيىمىزدە «چىلگە قىزىل يەر شارى» ، «ئامېرىكا چوڭ دانلىق كىشمىشى»، «قىزىل كىشمىش»، «ۋېيدولىيا، ئاۋغۇست» قاتارلىق سورتلار پارنىكتا ئۆستۈرۈلىدۇ.

**4. كۆچەت تىكىش:** غولى توم، تىمەن كۆچەتلەر تاللاپ تىكىلىدۇ. ئادەتتە كۈزدە 10 ـ ئاينىڭ باش ئوتتۇرلىرى، ئەتىيازدا 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى تىكىلىدۇ. ھەر مو يەرگە 250 تۈپ كۆچەت تىكىلىدۇ.

**5. پەرۋىشى:** كۆچەت ئۆلچەملىك تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ. بىخلانغاندىن كېيىن ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى باراڭغا ئىشلىنىدۇ. ئۆستۈرۈشتە تاق غوللۇق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنىپ، ئاساسىي غولىنى ئۆستۈرۈپ، ياندىن ئۆسۈپ چىققان بارلىق شاخلار بىر تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ چاتىلىدۇ. ئاساسىي غول ھەر 80 ـ 100 سانتىمېتىر ئۆسكەندە ئۇچى ئۈزۈلۈپ، ئاساسىي غولنىڭ توم، تىمەن ئۆسۈشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىنىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ئۆسۈش

ئەھۋالىغا قاراپ 2 ـ 3 قېتىم ئازوتلۇق، فوسفورلۇق ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. 8 ـ، 9 ـ ئايغىچە ئاساسىي غول شاخنى باراڭ ئۈچىغا يەتكۈزۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا سۇغىرىش قېتىم سانىنى ئازلىتىپ، شاخنىڭ پىشىشىنى تېزلىتىپ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**6. ئېچىش مەزگىلى:** ئۈزۈم تېلى 11 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 1 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە 1500 سائەت ئەتراپىدا تىنچلىنىش مەزگىلىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئېچىش مەزگىلىگە كىرىشتىن بۇرۇن، ئۈزۈمنى قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. پۈتكۈل تىنچلىنىش مەزگىلىدە پارنىك ئىچى تېمپېراتۇرىسىنى 0℃ ـ 5℃ تا ساقلاش كېرەك. تىنچلىنىش مەزگىلى ئۈزۈمنىڭ كېلەر يىللىق بىخلىنىشىغا ۋە مېۋىلىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تىنچلىنىش مەزگىلى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنى 1 ـ ئايدىن باشلاپ پارنىك تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ مەزگىلدە 20% لىك شېخۇيدەن (石灰氮) ئېرىتمىسى بىلەن بىخلار بىر تەرەپ قىلىنغاندا بىخلارنىڭ توق، تەمەن بىخلىنىشىغا ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

**7. ئوغۇتلاش:** ① ئۈزۈم بىخلىنىشتىن بۇرۇن ھەر تۈپكە 150 گىرام ئەتراپىدا ئىككى ئاممونىتلىق فوسفات (磷酸二铵) بېرىش لازىم. مېۋە يوغىناش مەزگىلىدە ھەر تۈپكە 300 گىرامدىن بىرىكمە ئوغۇت بېرىش ھەم ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا 2 ـ 3 قېتىم يوپۇرماقتىن قوشۇمچە ئوغۇتلاش ئارقىلىق، پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك؛ ② ئۈزۈم تىنچلىنىش مەزگىلىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئۈزۈم غولىدىن 30 ـ 40 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 40 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، 20 سانتىمېتىر كەڭلىكتە ئورەك كولاپ، 20 ـ 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قوي قىغى بېرىش كېرەك.

**8. سۇغىرىش:** 1 ـ ئايدا پارنىك تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەشكە باشلىغان ۋاقىتتا، 1 ـ سۇيى قويۇلىدۇ. 1 ـ سۇيىنى قويغاندا مۇمكىن بولسا ئىلمان

سۇدا سۇغىرىش، بەك كۆپ سۇغىرىۋەتمەسلىك، قالغان سۇلىرىنى پارنىك ئىچى تېمپېراتۇرىسى، نىسپىي نەملىك ئەھۋالى ۋە ئۆسۈش ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ھەر 15 ـ 20 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك.

**9. تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش:** پارنىك ئىچى تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە پارنىكقا ياپقان يالتىراق، يالتىراق ئۈستىدىكى يوتقان ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش تۆشۈكىنى ئېچىش ـ يېپىش ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ. تېمپېراتۇرىسىنى ئۈزۈمنىڭ تىنچلىنىش مەزگىلىدە 0℃ ـ 5℃ تا، بىخلىنىش مەزگىلىدە 10℃ ـ 25℃ تا، چېچەكلەش مەزگىلىدە 15℃ ـ 25℃ تا، مېۋە يوغىناش مەزگىلىدە 18℃ ـ 30℃ تا كونترول قىلىش كېرەك. پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرىسىنى 30℃ تىن ئاشۇرماسلىق لازىم. بولۇپمۇ چېچەكلەش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا 30℃ تىن يۇقىرى بولسا مېۋىلەش سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ چېچەك، مېۋە تۆكۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**10. چاتاش:** ئۈزۈم تۈپى بىخ سۈرۈپ شاخ چىقارغاندىن باشلاپ، ئاجىزلىرىنى ئېلىۋېتىپ، كۈچلۈكلىرىنى قالدۇرۇش پىرىنسىپى بويىچە چاتاش لازىم. تۈپ تۈۋىدىن 60 ـ 80 سانتىمېتىرغىچە شاخ قالدۇرماسلىق، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاساسىي غولىدىن ئۆسۈپ چىققان شاخلاردىن ھەر 20 ـ 30 سانتىمېتىر ئارىلىقتا بىر تالدىن شاخ تاللاپ قالدۇرۇش لازىم. ھەربىر شاختا بىر ساپاق ئۆلچەملىك مېۋە ساپىقى قالدۇرۇلىدۇ. ئادەتتە ھەر كىۋادرات مېتىر يەردە 8 ـ 10 ساپاق مېۋە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، شارائىتى يار بەرسە 13 ـ 15 ساپاق مېۋە قالدۇرسىمۇ بولىدۇ. ئۈزۈم تېلىدا مېۋە ساپىقى كۆرۈنگەندىن كېيىن (چېچەكلەشتىن يەتتە كۈن بۇرۇن) گىبېرىللىنىڭ 50ppm لىق ئېرىتمىسى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ، چېچەكلەپ 10 كۈندىن كېيىن، گىبېرىلىنىنىڭ 100ppm لىق ئېرىتمىسىگە ساپاقنى چىلاش ئارقىلىق، مېۋىنىڭ يوغان، تەكشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**11. يىغىۋېلىش:** ئادەتتە 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ئاخىرلىرى بىخلىنىپ 3 ـ ئاينىڭ باش ئوتتۇرىلىرىدا چېچەكلەپ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 6 ـ ئاينىڭ بېشى پىشىدۇ. (03)

# ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ئەنۋەر تۇرسۇن
(باي ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 842300)

ئورگانىك ئوغۇت ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى ئاساسىي كېلىش مەنبەسى قىلغان، تۇپراقنى ئوغۇتلىغاندا زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكنى ئوزۇقلۇق ۋە كاربون، سۇ بىرىكمىلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان، تۈرى كۆپ، مەنبەسى كەڭ، ئىشلىتىش مىقدارى ۋە دائىرىسى كەڭ، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، ئۇنۇم بېرىش ۋاقتى ئاستا بولغان بىر خىل تەبىئىي ئوغۇت بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىش ۋاقتىنى توغرا ئىگىلەپ ئىشلەتكەندىلا، ئورگانىك ئوغۇتنىڭ زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈك تەرىپىدىن شۈمۈرۈلۈپ پايدىلىنىشىنى تېزلىتىپ، زىرائەتنىڭ مەھسۇلات ۋە سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتەرگىلى بولىدۇ.

1. ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ بېرىش، خىمىيەۋى ئوغۇتنى قوشۇمچە قىلىپ ئىشلىتىش لازىم. جايلارنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارى كۆنسايىن ئېشىپ، ئوغۇت قۇرۇلمىسىدا ئورگانىك ئوغۇتنىڭ سالمىقى تەدرىجىي ئازلاپ، نوقۇل ھالدا خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ ئىشلىتىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكتىن، تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددىسى خوراپ، داندارلىق قۇرۇلمىسى ۋە نەملىك، ئوزۇقلۇق، ھاۋا، ئىسسىقلىق قاتارلىق تۇپراق ئۇنۇمدارلىق ئامىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، تۇپراق سۈپىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇڭا ئوغۇتلاشتا چوقۇم ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلىش، خىمىيەۋى ئوغۇتنى قوشۇمچە قىلىپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

2. ئورگانىك ئوغۇتنى تولۇق چىرىتىپ ئىشلىتىش لازىم. ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ قىغ، گەندىللىرىنى ئېغىل قوتاندىن چىقارغاندىن كېيىن ئېتىزغا يۆتكەشتىن ئىلگىرى، ئېغىل ئەتراپىغا ياكى ئېتىزغا يېقىن جايغا ئورەك كولاپ دۆۋىلەپ، ئۈستىنى ھۆل توپا بىلەن

2 ـ 3 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كۆمۈش ياكى قىغ دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىنى يالتىراق بىلەن يۆگەپ، 30 ـ 40 كۈن ئەتراپىدا چىرىتىپ ئىشلەتكەندە، قىغ تەركىبىدىكى زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈك قالدۇقلىرى، ئوت ـ چۆپ ئۇرۇق-لىرى، كېسەللىك مىكروبى ۋە تۈرلۈك چىرىندىلەر قىغ دۆۋىلىرى چىقار-غان ئىسسىقلىق تەسىرىدە تەدرىجىي بىرىكىپ، چىرىندىلەرگە ئايلىنىپ، سۈپەتلىك ئوغۇتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا ئورگانىك ئوغۇتنى ئېتىزغا يۆت-كەشتىن ئىلگىرى چوقۇم تولۇق چىرىتىپ ئاندىن ئېتىزغا يۆتكەش لازىم.

3. مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۈزدە تولۇق چىرىگەن، سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. ياڭاق، چىلان، ئالما، نەشپۈت، بادام، ئۆ-رۈك، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كې-يىن دەرەخ يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ۋە دەرەخ تاجىسىغا ئاساسەن دەرەخ تۈپىدىن 70 ـ 80 سانتىمېتىر يىراقلىقتا يېرىم ئاي شەكىللىك ئورەك ئېچىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بې-رىپ، ئاندىن كۈزلۈك سۇيىنى سۇغارسا، ئەتىياز پەسلىدە ئۆسۈش بىلەن تەڭ بېرىلگەن ئوغۇت دەرەخ تېنىگە شۈمۈرۈلۈپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىلەش-تىكى چوڭ ـ كىچىك يىل پەرقىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتقىلى بولىدۇ.

4. كۈزگى بۇغداي تېرىلىدىغان يەرلەرنى چوقۇم تومۇزدىكى شۈدگەر قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوغۇتلاش لازىم. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى بۇغداينى يىغىۋالغاندىن كېيىن، كۈزگى بۇغداي تېرىشقا قالدۇرۇلغان ئېتىزلارنى ھەر موسىغا 2 ـ 2.5 تونىنا سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاپ، ئېگىزنى شۈدگەر قىلغاندا كۈزلۈكى بۇغداي تېرى-غىچە بولغان 35 ـ 40 كۈن ۋاقىت ئىچىدە بېرىلگەن ئوغۇتلار تۇپراق ئاس-تىدا تەدرىجىي چىرىندىلىشىپ، بۇغداي تەرىپىدىن تېز پايدىلىنىدىغان ھا-لەتكە كېلىدۇ. نەتىجىدە بۇغداينىڭ ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەھسۇلات ئاشۇرۇشقا ئاساس تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل بۇغداي ئېگىزغا تەكرار تېرىلمايدىغان رايونلارغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. (05)

# ئۆزۈم تېلىنى ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

رابىيەم ئىسمائىل
(قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىلىق ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 839000)

**1. ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش:** شىنجاڭدا ئۈزۈم تاللىرى ئاساسەن كۈزدە مەھەللىۋى ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىنىدۇ. لېكىن، ھەر خىل مۇنبەت تۇپراقلىق يەرلەرگە تىكىلگەن ئۈزۈم تېلى چېچەكلەپ بولغاندىن كېيىن تولۇق چىرىگەن ئات، كالا ۋە قويلارنىڭ قىغلىرى بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېچىتىلغان ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىنىدۇ، بۇ خىل ئېچىتىلغان ئوغۇتنىڭ تەركىبىدە 0.4% ئازوت، 0.25% فوسفور، 0.6% كالىي بولىدۇ، بۇ ئوغۇتلار قوشۇمچە ئوغۇت ئورنىدا بېرىلىدۇ.

**2. چىرىندى تۇپراق بىلەن ئوغۇتلاش:** بۇ خىل چىرىندى تۇپراق شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ، تورىمۇ كۆپ، يولغۇن چىمەن توپىسى، توغراق چىمەن توپىسى، چىغ توپىسى قاتارلىقلاردا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماق، يىلتىزلىرى توپىغا ئارىلىشىپ، بىرنەچچە قەۋەت چىرىندى تۇپراقنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئورگانىك ماددا مىقدارى كۆپ بولىدۇ، ئۇندىن باشقا كونا تام توپىسى، ئۆگزە توپىسى ۋە ھەر خىل ئوت - چۆپلەرنىڭ كۆلى قاتارلىقلارنىمۇ ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ.

**3. يېشىل ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش:** يېشىل ئوغۇت تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىسىنى كۆپەيتىدۇ، تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، يەرگە قاشقا بېدە تېرىپ ئاغدۇرغاندا، ھەر مو يەردىكى تۇپراق تەركىبىدە 10.8 كىلوگىرام ئازوت، 11 كىلوگىرام فوسفور، 7.5 كىلوگىرام كالىي ھاسىل بولىدىكەن. يېشىل ئوغۇت تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىلارنى كۆپەيتىش، تۇپراقنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ياخشىلاش، شورلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ، شۇڭا يېشىل ئوغۇت قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن ھەر خىل بىدە، كۆك پۇرچاق، لويلا قاتارلىقلارنى تېرىپ پايدىلانسا بولىدۇ.

**4. خىمىيەلىك ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاش:** خىمىيەلىك ئوغۇتلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئورىيا (尿素)، كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙)، ئارىلاشما فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن كالىي سۇلفات، فوسفور - ئازوتلۇق بىرىكمە ئوغۇت، ئازوت- فوسفور - كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇت كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. خىمىيەلىك ئوغۇت كۆپىنچە قوشۇمچە ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن ئۇنى ئورگانىك ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ ئاساسىي ئوغۇت قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

ئۈزۈم تاللىرى ئاساسىي ئوغۇت بىلەن 1 ـ 2 يىلدا بىر قېتىم ئوغۇتلىنىدۇ، ھەر قېتىم ھەر بىر تۈپكە 20 ـ 30 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت كۆزدە ئۈزۈم تېلىدىن 40 ـ 50 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 40 ـ 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولاپ بېرىلىدۇ، ئۈزۈم تېلىنى ئەتىيازدا ئوغۇتلىغاندا چوقۇم بىخلىنىشتىن بۇرۇن ئوغۇتلاش كېرەك. فوسفور كەمچىل بولغان باغلاردا ھەر تۈپ ئۈزۈم تېلى 1 ـ 3 كىلوگىرام كالتسىي سۇپېر فوسفات بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ.

قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا ئاساسەن خىمىيەلىك ئوغۇت، يېشىل ئوغۇت، مىكرو مىقدارلىق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش ئاساس قىلىنىدۇ، يەنى ئۈزۈم چېچەكلەشتىن بۇرۇن ۋە چېچەكلىگەندىن كېيىنكى 10 ـ 15 كۈن ئىچىدە ئازوتلۇق ـ فوسفورلۇق بىرىكمە ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ، ئادەتتە ھەر تۈپ ئۈزۈم تېلى 100 ـ 200 گىرام خىمىيەلىك بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىنىدۇ، مېۋىسى رەڭلىنىشتىن بۇرۇن 100 ـ 150 گىرام فوسفورلۇق ـ كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇت تۈپتىن 30 ـ 40 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 10 ـ 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۆنەك ئېچىپ بېرىلىدۇ. ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۇغىرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا خىمىيەلىك ئوغۇت ۋە مىكرو مىقدارلىق ئوغۇت بىلەن يوپۇرماقتىن قوشۇمچە ئوغۇتلىسىمۇ ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. (05)

# تۆۋەن مەھسۇلاتلىق نەشپۈتلۈك باغلارنىڭ پەرۋىشى

راخمان توختى
(كورلا شەھىرى تۆۋۈرچى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)

1. باغ ئىچىدىكى دەرەخلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە زىچلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. قۇرۇپ قالغان، كېسەللىك، ھاشاراتلار زىيىنىغا ئۇچرىغان تۇپلەرنىڭ پەرۋىشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، كۈزدە بىر قېتىم ئورگا-نىك ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاپ، باغ يېرىنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، دە-رەخ ئاستىدىكى ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىپ، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچان-لىقىنى ياخشىلاپ، ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، قىش پەسلىدىكى تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ئۇششۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كې-رەك. ئەگەر باغدىكى دەرەخلەر رەتسىز تىكىلگەن بولۇپ، باغ يېرىنى تىراكتور بىلەن ئاغدۇرۇشقا مۇمكىن بولمىسا، ئادەم كۈچى بىلەن دەرەخ تۈۋىنى يۇمشى-تىپ، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاپ، ۋاقتىدا قاندۇرۇپ سۇغى-رىش كېرەك.

2. تۆۋەن مەھسۇلاتلىق نەشپۈت دەرىخىنى مۇۋاپىق پەرۋىش قىلمىسا، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنى ئېغىرلاپ، مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتى تېخىمۇ تۆ-ۋەنلەيدۇ. شۇڭا ئوتتۇرا ياش ۋە ياش دەرەخلەرنى نۇقتىلىق پەرۋىش قىلىش كېرەك. ئوغۇتلاشتا ئورەكنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بېرىلىدىغان ئوغۇتنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە، دەرەخنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ۋە تۇپراق ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك، نەشپۈت دەرىخىنى ئەڭ ياخشىسى كۈزدە ئاساسىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك.

3. نەشپۈت دەرىخىنى كۈزدە شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاش ئارقىلىق، يو-رۇقلۇق، ھاۋا، ئوزۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك. يازدا يازلىق چا-تاشنىمۇ ۋاقتىدا چىڭ تۇتۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن دە-رەخنىڭ ئۆسۈشى بىلەن مېۋىلەش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، مېۋىلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. نەشپۈت دەرىخىنى شەكىلگە

كەلتۈرۈپ چاتاش مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلى بولسىمۇ، لېكىن ياخشى دەرەخ شەكلىنى تاللاپ، مۇۋاپىق چاتاش دەرەخنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىپ، مۇقىم ھوسۇل بېرىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. قىشلىق چاتاش نەشپۈت يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەندىن كېيىن، يەنى 11 ـ ئايدىن باشلاپ كېلەر يىلى 2 ـ ئايغىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. يازلىق چاتاش 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، چاتىغاندا دەرەخنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا مېۋە شاخلىرىنى ۋە ئوزۇقلۇق شاخلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە يېتىلدۈرۈپ، مول ھوسۇللۇق دەرەخ شەكلىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

4. تۆۋەن مەھسۇلاتلىق نەشپۈت دەرىخىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشنى كۈچەيتىش لازىم. (1) زىيانداش ھاشارات: ① باھار ماڭدامچى قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، ئەتىيازدا دەرەخ غولىغا يالتىراق بەلباغ باغلاش ئارقىلىق، كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بۇ خىل ھاشاراتنىڭ يېتىلگەن ھاشارىتى نەشپۈت چېچەكلىگەندىن كېيىن زىيان سالىدۇ. ئەگەر زىيىنى ئېغىر بولسا 25% لىك دىساس (敌杀死) نى 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ تەكشى چېچىش كېرەك؛ ② قاسراقلىق قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، ئەتىيازدا نەشپۈت چېچەكلەشتىن ئىلگىرى بائۇمى بەش گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى تەكشى چېچىش كېرەك؛ ئېغىر پەيدا بولۇپ يېتىلگەن ھاشارىتى قاسىراق ئىچىگە كىرىۋالغىچە يەنى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرى 40% لىك سۇپىراتسىد (速扑杀) دورىسىنى 800 ـ 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ تەكشى چېچىش كېرەك؛ ③ مېغىز قۇرتى يىلدا ئۈچ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. بىرىنچى ئەۋلادى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئىككىنچى ئەۋلادى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئۈچىنچى ئەۋلادى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تۇخۇم تۇغىدۇ. ھەربىر چىشى ھاشارىتى 40 ـ 140 دانىغىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا كۈزدە 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى دەرەخ غولىغا تاغار پارچىسى

باغلاپ، قىشتا ئېلىپ، ئۇنىڭغا يىغىلغان ھاشاراتلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ يوقىتىش، كونا قېرى قوۋزاقلارنى قىرىش، دەرەخ غولىغا ھاك سۈرۈش، يازدا دورا چېچىپ يوقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ ④ قىزىل ئۆمۈچۈك دەرەخنىڭ كونا، قېرى قوۋزاقلىرى ئارىسىدا، باغدىكى ئوت - چۆپ، غازاڭ، نەشپۈت قالدۇقلىرى، يەر ئاستى قاتارلىق ئورۇنلاردا قىشلايدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، باغ ئىچىنى ياخشى تازىلاپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ توك ياتقۇزۇش، دەرەخ غولىغا تاغار پارچىسى باغلاپ مەركەزلەشتۈرۈپ يوقىتىش كېرەك. نەشپۈت چېچەكلەشتىن ئىلگىرى يەنى 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بائومى بەش گىرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى تەكشى چېچىش ھەمدە نىسورون (尼素郎) قاتارلىق مەخسۇس قىزىل ئۆمۈچۈك ئۆلتۈرىدىغان دورىلارنى تاللاپ چېچىش كېرەك؛ ⑤ نەشپۈت پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىشتا دېھقانچىلىق دورىسىنى ۋاقتىدا چېچىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

(2) كېسەللىك: ① قوۋزاق چىرىش كېسەللىكى دەرەخنىڭ يىلتىز، غول ۋە شاخلىرىدا 3 - ئايدىن 10 - ئايغىچە پەيدا بولىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا 843 ئەسلىگە كەلتۈرۈش دورىسىنى ئۆز پېتى، 9281 دورىسىنى ئۈچ ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ كېسەللەنگەن جايىنى تازىلاپ، چوتكا بىلەن سۈرۈش كېرەك؛ ② نەشپۈت دەرىخىنىڭ يوپۇرماق سارغىيىش ۋە يوپۇرماق كىچىكلەش كېسەللىكى ئاساسەن نەشپۈت دەرىخىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە تۇپراقتىكى ئورگانىك ئوغۇتنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، تۆمۈر، فوسفور، ئازوتلارنىڭ يېتىشمەسلىكى، كېسەللىك، زىياندىاش ھاشاراتلارنىڭ زىيان سېلىشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا باغنى ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش، 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا 0.3% لىك تۆمۈر (Ⅱ) سولفات ئېرىتمىسىنى چېچىش ياكى ئۇنى ئۆز پېتى نەشپۈت غولىغا ئوكۇل قىلىش ۋە يىلتىزىغا مۇۋاپىق قويۇش كېرەك. (03)

# ئالما دەرىخىنى قىشلىق چاتاش ۋە دەرەخ شەكلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭى تېخنىكىسى

ئەھەتجان ئەلى
(كەلپىن ناھىيەلىك ئورمانچىلىق باش پونكىتىدىن 843600)

**1. چاتاپ شەكىلگە كىرگۈزۈش:** (1) بەش يىللىقتىن تۆۋەن مېۋىگە كىرمىگەن ئالما دەرىخىنى چاتاش: سىلىندىرسىمان دەرەخ شەكلىگە كىرگۈزۈپ چاتاشتا دەرەخ ئېگىزلىكىنى 3.5 مېتىر قىلىپ، 7 ـ 9 تال ئاساسىي شاخ يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئاساسىي شاخ بۇلۇڭى 90℃ ئەتراپىدا قىلىنىپ، يان شاخ قالدۇرۇلمايدۇ. ئىككى قوشنا ئاساسىي شاخ ئارىلىقى 20 ـ 30 سانتىمېتىر، ئوخشاش يۆنىلىشتىكى ئىككى ئاساسىي شاخنىڭ ئارىلىقى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قىلىنىپ، ئاساسىي شاخنى بۇرمىسىمان جايلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۈستمۇئۈست چۈشمەيدىغان قىلسا بولىدۇ.

مۇنارسىمان دەرەخ شەكلىگە كىرگۈزۈپ چاتاش: دەرەخ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، غول ئېگىزلىكى 0.9 ـ 1 مېتىر قىلىنىپ، 30 ـ 35 تال ئاساسىي شاخ يېتىلدۈرىدۇ. ئاساسىي شاخنىڭ بۇلۇڭى 90℃ ـ 110℃ گىرادۇس ئەتراپىدا، ئاستى شاخلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 ـ 120 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئۈستى قىسمىدىكى شاخلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 ـ 60 سانتىمېتىر، ئاساسىي شاخلارنىڭ ئارىلىقى 5 ـ 10 سانتىمېتىر قىلىنىپ، بۇرمىسىمان جايلاشتۇرۇلىدۇ. شاخ بىلەن غولنىڭ نىسبىتى 4:1 بولىدۇ، مۇنارسىمان دەرەخ شەكلىنىڭ تېخنىكا تەلىپى يۇقىرى بولۇپ، شارائىتقا قاراپ قوللىنىش كېرەك؛ (2) 10 يىللىقتىن يۇقىرى مېۋىلىگەن ئالما دەرىخىنى چاتاش: ئەسلىدىكى دەرەخ شەكلىنى ساقلاش ئاساسىدا، مۇۋاپىق دەرەخ قۇرۇلمىسىغا ئۆزگەرتىش لازىم. ئاۋۋال ئاساسىي شاخلارنىڭ بۇلۇڭى 80℃ ـ 90℃ قا تەڭشىلىپ، ئاساسىي ۋە يان شاخلار ئېچىلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە يىغىنچاقلاش ئارقىلىق ئاساسىي شاخلار قىسقارتىپ، ئاساسىي شاخلارنىڭ ئۈچ قىسمى 3 ـ 4 يىللىق شاخ ئورنىدىكى يان شاخقا ئالماشتۇرۇپ، توپ ئارىسىدا بىر مېتىر بوشلۇق قالدۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتا ئاساسىي شاخلار ئۈستىدىكى يان شاخلارغا قىسقارتىپ كېسىلىدۇ. تۆتىنچى باسقۇچتا غول ئېگىزلىكى 3.5 مېتىر ئەتراپىدا كونترول قىلىنىپ، مەركىزىي غولدىكى زىچ ئۆسكەن ئاساسىي شاخلارنى مۇۋاپىق شالاڭلىتىپ كېسىپ،

7 ـ 9 تال ئاساسىي شاخ قالدۇرۇلىدۇ؛ (3) بەش يىللىقتىن يۇقىرى ئون يىللىقتىن تۆۋەن ئالما دەرىخىنى چاتاش: تۇپ، قۇر ئارىلىقى 4 ـ 5 مېتىر ئەتراپىدىكى تۇپلەرنى قاتتىق ئۆلچەم بويىچە سىلىندىرسىمان دەرەخ شەكىلىگە كىرگۈزۈشنى ئاساس قىلىپ چاتاش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن دەرەخ تاجىسىنى كونترول قىلىپ، غولىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئاساسىي شاخ ۋە غولدىكى توم شاخلارنى مۇۋاپىق كېسىۋېتىش ياكى كىچىك شاخلارنى قىسقارتىپ كېسىش كېرەك. قۇر، تۇپ ئارىلىقى 3 ـ 4 مېتىر بولسا، بىردەك سىلىندىرسىمان دەرەخ شەكلى بويىچە چاتاش، مەركىزىي غول ئۈستىدە شاخلار كۆپ بولسا، ئەسلىدە بار بولغان توم ئاساسىي شاخلارنى تۆۋەندىن كېسىۋېتىپ، ئورنى بىرقەدەر مۇۋاپىق بولغان شاخ ياكى چوڭ مېۋە شاخ گۇرۇپپىسىنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك. مۇۋاپىق شاخ بولمىسا، ئەسلىدىكى توم ئاساسىي شاخلار چاتىلىپ، ئەسلىدىكى ئاساسىي شاخلاردىكى مەركىزىي غولنىڭ 1 ـ 1.5 مېتىر ئورنىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك مېۋە شاخلار گۇرۇپپىسى يىغىنچاقلىنىدۇ.

**2. دەرەخ شەكلىنى ئۆزگەرتىش:** (1) ئارىلاپ كېسىش: زىچ ئۆسۈپ، بۇك يېپىپ كەتكەن بولسا، بىر قېتىمدىلا ئارىلاپ كېسىپ قۇر، تۇپ ئارىلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. تۇپرىقى قۇرغاق، ئاجىز يەرلەردىكى 3×2 مېتىر ياكى 4×2 مېتىر زىچلىقتىكى دەرەخنى نىسبەتەن ئارىلاپ كېسىپ، قۇر، تۇپ ئارىلىقىنى 4×3 مېتىر ياكى 4×4 مېتىرغا ئۆزگەرتىش لازىم. قىسقا شاخلىق ياكى پاكار ئۇلاق ئاستىلىق باغلارنىڭ زىچلىقى 4×2 مېتىر بولسىمۇ، ئارىلاپ كېسىپ 4×3 مېتىرغا ئۆزگەرتىش لازىم؛ (2) غولنى ئېگىزلىتىش: ياش ياكى ئەمدى مېۋىلەش باسقۇچىغا كىرگەن ئالما دەرىخىنى بىر قېتىمدىلا غولنى 90 ـ 100 سانتىمېتىرغىچە ئېگىزلىتىش كېرەك. كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەن كىچىك ھەمدە قۇرۇلمىلىق دەرەخ شەكلى كىرگۈزۈلگەن بولسا، ئاساسىي قىسمىدىكى 3 ـ 4 تال ئاساسىي شاخنى يىللارغا بۆلۈپ چىقىرىۋېتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن غول ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىردىن ئېگىز بولسا، 2 ـ 3 يىلدا تاماملاپ، بىرىنچى ئاساسىي شاخنى غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە قويسا بىرقەدەر مۇۋاپىق بولىدۇ، سىلىندىرسىمان دەرەخ شەكلى بولسا بىر قېتىمدىلا

# مېۋىلىك باغ مۇھاپىزەت ئورمىنى بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

رەيھانگۇل ھوسۇيۇن
(يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 844000)

ئادەتتە مېۋىلىك باغ ئەتراپىغا ئورمان بەرپا قىلىپ ياكى قورشاۋ تام سوقۇپ، مېۋىلىك باغ مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. مۇھاپىزەت ئورمىنى مېۋىلىك باغنىڭ كىلىمات شارائىتىنى ياخشىلاپ، كىچىك ئېكولوگىيەلىك شارائىتى تەڭشەپ، بوران ـ شامال، ئۈششۈك قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ زىيىنى يېنىكلىتىش، شورنى باستۇرۇش، نەملىك ساقلاش، تېمپېراتۇرىنى مۇ- قىملاشتۇرۇش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ. لېكىن مېۋىلىك باغ ئەتراپىغا تىكىلگەن دەل ـ دەرەخلەر قالايمىقان، پىلانسىز تىكىلىپ قالسا، مۇھاپىزەت قىلىش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا مۇنۇلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1. مۇھاپىزەت ئورمىنىنىڭ دەرەخ تۈرىنى ياخشى تاللاش كېرەك. ئادەتتە مېۋىلىك باغ مۇھاپىزەت ئورمىنىغا تېرەك، قارىياغاچ، جىگدە، ئۈجمە، چىلان ۋە بەزى مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلىدۇ. مېۋىلىك باغ مۇھاپىزەت ئور- مىنىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈنۈمىنى ئويلاشقاندا، بىرقەدەر ئېگىز، تىك ئۆسىدىغان، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ناقۇلاي شارائىتلارغا چىدامىلىق، ئۆمرى ئۇزۇن، ئىقتىسادىي ئورمان دەرەخلىرىنى تىكىش كېرەك.

2. باغ بىنا قىلىشتىن 2 ـ 3 يىل بۇرۇن باغ ئەتراپىغا مۇھاپىزەت ئور- مىنى بەرپا قىلىپ، مۇھاپىزەت ئورمىنى بالدۇر يېتىلدۈرۈپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش كېرەك.

3. مېۋىلىك باغ مۇھاپىزەت ئورمىنىنى بىنا قىلغاندىن كېيىن، ئو-

---

تاماملاش كېرەك؛ (3) ئوتتۇرىسىنى ئېچىۋېتىش: ئۆستۈرۈش زىچلىقىغا، دەرەخنىڭ ئۆسۈشچانلىقىغا، يەر شارائىتىغا قاراپ، ئوتتۇرىسىنى ئېچىۋې- تىش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي پىرىنسىپ دەرەخ ئېگىز- لىكى تۈپ ئارىلىقىدىن چوڭ، قۇر ئارىلىقىدىن كىچىك، دەرەخ تاجىسى تۈپ ئارىلىقىدىن كىچىك بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۆ- سۈشى كۈچلۈك بولسا ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ چاتاش ھەمدە ھەر قېتىمدا كەسكەن ئورۇندا كىچىك بىر شاخنى قالدۇرۇش لازىم. (03)

غۇتلاش، سۇغىرىش، تۇپرىقىنى چاغلاپ يۇمشىتىش، ئوت ـ چۆپلەرنى ئو ـ تاش، هارام شاخلىرىنى پۇتاش قاتارلىق پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، مۇھاپىزەت قىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش كېرەك. ئادەتتە نۇرغۇن كىشىلەر باغ ئەتراپىغا تىكىلگەن مېۋىلىمەيدىغان دەرەخلەرنىڭ پەرۋىشىگە ئانچە ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئەگەر مۇھاپىزەت ئورمىنىنىڭ ئۆسۈشى باغ ئىچىدىكى دەرەخلەر ـ نىڭكىدىن ئاستا ھەم ئاجىز بولۇپ قالسا، مۇھاپىزەت قىلىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ قېلىپ، مېۋىلىك باغ كىرىمىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا باغ ئەتراپىدى ـ كى دەرەخلەرنى چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن مۇۋاپىق پەرۋىش قىلىپ، مۇھاپىزەت ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش كېرەك.

4. مۇھاپىزەت ئورمىنىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار مېۋىلىك باغدىكى كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشتىن ساقلىـ ـ نىش ئۈچۈن، مۇھاپىزەت ئورمىنى بىلەن مېۋىلىك دەرەخكە كېسەللىك، ھاشاراتلار ئورتاق زىيان سالىدىغان دەرەخلەرنى تىكمەسلىك كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، باغ ئىچىدىكى دەرەخ تۈرى بىلەن مۇھاپىزەت ئورمىنىنىڭ دەرەخ تۈرىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاش كېرەك. (1) ياڭاقنى مۇھاپىزەت ئورمىنى قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى يامغۇر ياكى سۇغىرىش سۈيى ئارقىلىق تۇپراق ـ قا سىڭىپ كىرىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئالما دەرىخىنىڭ نور ـ مال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ (2) ئاق ئاكاتسىيە، قارىياغاچلار بىلەن ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك ۋە ئالۇچا قاتارلىق دەرەخلەرنى ئارىلاش تىك ـ مەسلىك ياكى مۇھاپىزەت ئورمىنىغا يېقىن يولاتماسلىق كېرەك. چۈنكى ئاق ئاكاتسىيە ۋە قارىياغاچتىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار مېۋى ـ لىك دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ؛ (3) يەردىن پايدىلىنىشنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇھاپىزەت ئورمىنىغا مېۋىلىك دە ـ رەخلەرنى كىرىشتۇرۇپ تىكمەسلىك كېرەك، بولمىسا مۇھاپىزەت ئورمىنى ـ دىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چاڭلىرى باغ ئىچىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن چاڭلىشىپ، مېۋە مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. (03)

# مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۈششۈك ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يېنىكلىتىش چارىسى

پاتىمەم ئەرشىدىن
(غۇلجا ناھىيە ئۈيغۇر ئۈچئۈن يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 835100)

ئىقتىسادىي ئورماننى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكىتلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، باغۋەنلەرنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەتىيازدا ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىشىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۈششۈك ئاپىتى مېۋە مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئېغىر بولغاندا ئۆسۈملۈك تۈپىنىڭ نابۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەردە ئۈششۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئىچكى ئامىل بويىچە ئېيتقاندا، دەرەخ تۈرى، سورتى، دەرەخ يېشى، ئۆسۈش ھالىتى ۋە شۇ يىلقى شاخنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈششۈك يۈز بېرىش دەرىجىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. سىرتقى ئامىل بويىچە ئېيتقاندا، مەسىلەن: جۇغراپىيەلىك ئورنى، تۇپراق تۈرى ۋە تۇپراق ئۈنۈمدارلىقى، ئۆستۈرۈپ پەرۋىش قىلىش شەرتلىرى ۋە شۇ يىلقى مېتېرولوگىيەلىك ئامىللارنىڭ ھەممىسى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**1. باغ ئورنى ۋە مېۋىلىك دەرەخ تۈرى ۋە سورتىنى تاللاش:** كىچىك، كىلىماتى ياخشى رايونلارنى تاللاپ، باغ پەرۋىشى قىلىش، ئويمان، چوڭقۇر جىلغا ياكى شامال ئېغىزىغا باغ بەرپا قىلماسلىق، سوغۇققا قارشى تۇرۇش قابىلىيىتى كۈچلۈك ياكى كۆمۈپ سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ئاسان تۈپلەرنى ۋە سورتلارنى تاللاش لازىم.

**2. پەرۋىشنى كۈچەيتىش:** مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ سوغۇققا چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوغۇت ۋە سۇ سۇغىرىش جەھەتتىكى پەرۋىشتە «دەسلەپتە ئىلگىرى سۈرۈش، كېيىنكى مەزگىلدە كونترول قىلىش» تىن ئىبارەت پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش يەنى مېۋىلىك دەرەخنىڭ دەسلەپكى ئۆسۈش مەزگىلىدە ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش قاتارلىق پەرۋىشنى كۈچەيتىش، كېيىنكى مەزگىلدە سۇغىرىشنى كونترول قىلىپ، كالىي، فوسفورلۇق ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇپ، شاخلارنىڭ بال-

دۇرراق ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوغۇققا چىدامىلىقىنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا ھەددىدىن زىيادە مېۋە بېرىشىنى كونترول قىلىپ، دەرەخ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم. ھوسۇلنى ۋاقتىدا يىغىپ، دەرەخ گەۋدىسىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ خورىشىنى ئازايتىپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش، باش باھاردا دەرەخ غولىنى ئاقارتىش ئارقىلىق ئەتىياز پەسلىدە ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچراشتىن ساقلانغىلى ھەمدە كۈن نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈش ئېھتىماللىقىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەرەخ غولىدىكى تۈرلۈك پارازىت كېسەللىكلەردىنمۇ ساقلانغىلى بولىدۇ.

**3. سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈش:** كۆچەتلەرنى ئېكىز ئۇلاپ ۋە سوغۇققا چىدامىلىق ئۇلاق تۈۋى ياكى سوغۇققا چىدامىلىق ئارىلىق ئۇلاق تۈۋىدىن پايدىلىنىپ، ئېگىز ئۇلاق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۈششۈككە چىدامىلىقىنى كۈچەيتىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا پاكارلاشتۇرۇپ قويۇق ئۆستۈرۈپ، تۈپ گەۋدىسى كۈچەيتىلسە، ئۈششۈكنى زىيىنىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ.

**4. دەرەخ گەۋدىسىنى، مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىش:** يېڭىدىن تىكىلگەن ياش دەرەخلەرنى 2 ـ 3 يىل ئىچىدە پۈتۈن تۈپ بويىچە توپا بىلەن كۆمۈش، چوڭ دەرەخلەرنىڭ ئاساسىي غولىغا توپا يۆلەش ياكى دەرەخ غولىغا ئوت ـ چۆپ ئوراش، دەرەخ تاجىسىغا ھاك پۈركۈش ياكى يەر بېغىرلاپ ئۆستۈرۈش لازىم.

**5. ئۈششۈگەن دەرەخنى ئاسراش:** تۇپراق پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، ئازوت ئوغۇتنى بېرىپ، يېڭى نوتىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، يېنىك چاتاپ، بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاخنىڭ ئۇچىنى چاتاپ، ئۆسۈشنى كونترول قىلىش لازىم. يوپۇرماق كۆلىمىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ساقلاپ قېلىپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلاردىن ۋاقتىدا مۇداپىئە كۆرۈپ، زەخىملەنگەن ئېغىزلارنى ۋاقتىدا ساقايتىش ياكى كۆۋرۈك ئۇلاق قىلىش، ۋاقتىدا سۇغىرىش ۋە ئۈششۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

**6. ئىسلاش:** ئەتىياز پەسلىدە ھاۋا رايىغا دىققەت قىلىپ، كەچتە تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەندە ئىسلاشنى باشلاپ، تاكى ئۈششۈك تەگمىگىدەك تېمپېراتۇرا ھالىتىگە كەلگۈچە ئىسلاش كېرەك. ئىسلاشتا ھۆل شال پاخلى

# تۆۋەن ھوسۇللۇق ئۆرۈكلۈك باغلارنى يېڭىلاش ئۇسۇلى

رەيھانگۈل رېقىپ
(توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 838100)

ناھىيەمىزدە ئۆرۈك كۆلىمى يىلسايىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن مەھسۇلاتى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار ئۆرۈكلۈك باغلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سورتى ناچار بولۇپ، ئۆرۈك سورتلىرىنى ئۆلچەم بويىچە تىكمەسلىك، ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىنىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئۇزۇن مەزگىل يىرىك باشقۇرۇش تۈپەيلىدىن، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئۆرۈكلۈك باغلار كۆپىيىپ، باغ كىرىمىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. تۆۋەن ھوسۇللۇق ئۆسۈملۈك باغلارنى ئۆزگەرتىشتە، تىكىلگىنىگە 10 يىلدىن ئاشقان، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتى ناھىيەمىزنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولغان، سورتى ئېنىق بولمىغان تۈپلەرنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئەلا سورتلۇق ئۆرۈكنىڭ ئانا تۈپلىرىدىن ئۇلاق ئۈستىنى ئېلىپ، ئۇلاش ئارقىلىق بىر ۋاقىتتا چېچەكلەپ چاڭلىشالايدى-

---

ياكى ھۆل ئوتۇن ئىشلىتىش كېرەك. شامال يۆنىلىشىگە قاراپ، باغنىڭ 4 ـ 5 يېرىگە، ھەربىر دۆۋىگە 25 كىلوگىرام ئەتراپىدا لاۋا قويۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئىس ـ تۈتەك بوتقىسى ياساپ قويسىمۇ بولىدۇ، ئۇنى 20% لىك ئاممونىي نىترات، 15% لىك كىرسىن ۋە 50% لىك ھەرە كېپىكىنى ياكى شال پاخىلى، ئوت ـ چۆپ، لاۋا، ئات تېزىكى قاتارلىقلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، سېرىق خالتا قەغەزگە چىڭداپ سېلىپ، ئاغزىنى ئېتىپ تەييارلىسا بولىدۇ. ھەربىر خالتىغا 1.5 كىلوگىرامدىن سالغاندا 2000 ـ 2700 كىۋادرات مېتىر يەرنى 10 ـ 15 مىنۇت ئىسلىغىلى بولىدۇ.

**7. خىمىيەلىك ئالدىنى ئېلىش:** ئۈششۈك چۈشۈشتىن ئاۋۋال يەنى مېۋە دەرىخى بىخ چىقىرىشتىن كېيىن، چېچەكلەشنىڭ ئالدىدا، مېۋە دەرەخنى ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان دورا پۈركۈسە ھەمدە مېۋە دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى پۈركۈپ ئوغۇتلاش ئېلىپ بارسا ئۈششۈكنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (03)

غان، مەھسۇلاتى مۇقىم، بازارلىقى ياخشى سورتلۇق ئۆرۈكلۈك باغنى بىنا قىلىش كېرەك. ئۇلاش ئىمكانىيىتى بولمىغان ياكى قېرىش باسقۇچىغا كىرگەن، ئۆسۈشمۇ ناچار تۇپلەرنى قومۇرۇۋېتىپ، مېۋە سۈپىتى ياخشى، ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەرنى تىكىپ يېڭى ئۆرۈكلۈك باغ بىنا قىلىش كېرەك.

**ئۇلاپ يېڭىلاش ئۇسۇلى:** ئۇلاپ يېڭىلىماقچى بولغان ئۆرۈك دەرىخىنى ئۇلاشتىن بۇرۇن بىر قېتىم قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۇلاقنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلاق ئۈستىدىن ئۆسۈپ چىققان يېڭى نوتىلارنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. تۆۋەن ھوسۇللۇق ئۆرۈك دەرەخلىرىنى ئۇلاپ يېڭىلاشتا كۆپىنچە ئەتىيازدا بوران ـ شامال كۆپ بولغاچقا، ئاساسەن يارما ئۇلاق ۋە بىخ ئۇلاق ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بىخ ئۇلاق بەش يىلغا توشمىغان، ئۇلاقسىز قالغان كۆچەت بىلەن 10 يىلدىن ئاشقان تۆۋەن ھوسۇللۇق چوڭ ئۆرۈك دەرەخلىرىنىڭ ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخلىرىنى ئۇلاشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخلارنى مۇۋاپىق ئېگىزلىكتە كېسىۋېتىپ، ئەلا سورتلۇق ئانا تۈپلەردىن ئۇلاق ئۈستى ئېلىپ ئۇلاش لازىم، ئۇلىغاندا ئۇلاق ئاستىنىڭ توم ـ ئىنچىكىلىكىگە قاراش ھەمدە ئاساسىي شاخ، يان شاخ قاتارلىق غول شاخلارنىڭ ئۇلانماقچى بولغان يېرىگە ئالدىن تەييارلانغان تومراق ئۇلاق ئۈستىدىن 2~3 تال سېلىپ ئۇلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئادەتتە بىر تۈپ دەرەخ تاجىسىدىكى يان شاخ ۋە باشقا شاخلار بىر قېتىمدىلا ئۇلانسا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. ئۇلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلاق ئېغىزىنى يالىتىراق بىلەن چىڭ تېڭىش كېرەك. ئەتىيازدا ئۇلىنىپ 8 ـ 12 كۈندىن كېيىن، تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، تۇتماي قالغانلىرىنى دەرھال قايتا ئۇلاش كېرەك.

ئۇلىغاندىن كېيىن، ئۇلاق ئۈستى ئەي بولۇپ، 30~40 سانتىمېتىر ئۆسكەندە يەنى كەسمە ئېغىزى تولۇق ئەسلىگە كەلگەندە تېڭىق ئېلىۋېتىلىدۇ. ئۇلاق ئاستىدىن ئۆسۈپ چىققان بىخ ۋە ياۋا شاخلار ۋاقتىدا پۇتىلىدۇ. ئۇلاق ئۈستىدىن ئۆسۈپ چىققان يېڭى نوتىلارنىڭ بوران ـ شامال ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆسۈپ چىققان ئۇلاقلىق نوتىسىغا تىرەك قويۇپ باغلاپ قويۇش كېرەك.

# ئالما قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

گۈلمىرەم رەخمىتۇل
(غۇلجا ناھىيە بايتوقاي يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 835100)

ئالما قىزىل ئۆمۈچۈكى ئاپتونوم رايونىمىزدا يىلدا 6 ـ 7 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، ئۇ ئالمىنىڭ يوپۇرمىقىغا زىيان سالغاندىن باشقا، نەشپۈت، چىلان، ئالۇچا، ئۈزۈم، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىغىمۇ ئېغىر زىيان سالىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق ھەم قۇرغاق بولغاچقا، ئالما قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىش نىسبىتى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، زىيان سېلىش دەرىجىسىمۇ ئېغىر بولىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا يەنى ئىلى رايونلىرىنىڭ ھاۋا كىلىماتى بىرقەدەر نەم بولغانلىقتىن، ئالما قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى ۋە زىيان سېلىش دەرىجىسى ئانچە ئېغىر بولمايدۇ. زىيانغا ئۇچرىغان يوپۇرماق يۈزىدە كۆلرەڭ ئاق داغلار ھاسىل بولۇپ، زىيان سېلىشى ئېغىرلاشقانسېرى يوپۇرماق يۈزىگە ئالما قىزىل ئۆمۈچۈكى ئىنتايىن زىچ توپلىشىپ، يوپۇرماق رەڭگى تاتىرىپ ھەم مەھسۇلات مىقدارىمۇ تۆۋەنلەپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان سالىدۇ.

---

ئۇلانغان ئۆرۈك دەرەخلىرىنى سۇغىرىشنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ، شاخلارنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ياغاچلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قىشتا ئۈششۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۇلاقتىن ئۆسۈپ چىققان نوتىلار يۇمران بولغاچقا ئاسانلا كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا ئۆرۈكتىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇلاپ يېڭىلانغان ئۆرۈك دەرەخلىرى 2 ـ 3 يىلدىلا ئەسلىگە كېلىپ، 4 ـ يىلدىن باشلاپ مەھسۇلاتى كۆرۈنەرلىك ئاشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۇۋاپىق چاتاپ شەكىلگە كىرگۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دەرەخ غولى، شاخ ئورنىنى ياخشى تەڭشەپ، يورۇقلۇق، ھاۋا، ئوزۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاپ، دەرەخ شەكلىنى ھاسىل قىلىپ، ئىلمىي پەرۋىش قىلىش ۋە تېخنىكىلىق يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (03)

**1. بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك ۋە كېسەللىك ئالامىتى:** يېتىلگەن ئانا قىزىل ئۆمۆچۈكنىڭ رەڭگى قىزىل، ئوزۇقلانغاندىن كېيىن رەڭگى قارامتۇل قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. تېنى يۇمىلاق، دۈمبە تەرىپى كۆتۈرۈل-گەن ھەمدە توم ئۇزۇن تۈكچىلىرى ئۆسمە شەكىللىك كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولىدۇ. يېتىلگەن ئەركەك قىزىل ئۆمۆچۈكنىڭ تېنى يۇمىلاق، تۇخۇم شە-كىللىك، بەدىنىنىڭ ئاخىرقى قىسمى ئۇچلۇق، ئىنچىكە، دەسلەپكى رەڭگى قىزغۇچ بولۇپ، ئوزۇقلانغاندىن كېيىن قىزغۇچ جۇزە رەڭگە كىرىدۇ. لى-چىنكا ھالىتىدىكى قىزىل ئۆمۆچۈكنىڭ ئۈچ جۈپ پۇتى بولىدۇ. قىشتىن چىققان دەسلەپكى لىچىنكىنىڭ رەڭگى سۇس جۇزە رەڭدە بولىدۇ، ئو-زۇقلانغاندىن كېيىن قارامتۇل قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. بارلىق تۇخۇمدىن چىققان قىزىل ئۆمۆچۈك لىچىنكىسىنىڭ رەڭگى سۇس سېرىق رەڭدە بولۇپ، كېيىن جۇزە رەڭگىچە ئۆزگىرىدۇ. يۇمران ھالەتتىكى ئالما قىزىل ئۆمۆچۈ-كىنىڭ پۇتى تۆت جۈپ بولۇپ، بەدىنىنىڭ رەڭگى لىچىنكا ھالەتتىكى سالجى-نىڭكىگە قارىغاندا (ئالما قىزىل ئۆمۆچىكى) قېنىق بولىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** يېتىلگەن ئانا قىزىل ئۆمۆچۈك تۇخۇ-مى ئالمىنىڭ قىسقا شاخلىرىغا زىچ توپلىنىپ ئوزۇقلىنىدۇ. 2 ـ يىلى ئەتىيازدا ئوتتۇرىچە ھاۋاتېمپېراتۇرىسى 12℃ ـ 13℃ يەتكەندە تۇخۇمدىن لىچىنكىسى چىقىشقا باشلايدۇ. قىشلىغان تۇخۇمنىڭ قىشتىن چىقىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىش مەزگىلى سورتلۇق ئالمىلار چېچەكلەپ گۈل رېتى كۆرۈنگەن مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە 2 ـ 3 كۈن ئىچىدە كۆپ ساندىكى ئالما قىزىل ئۆمۆچۈكنىڭ لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىقىپ بولىدۇ. تۇخۇمدىن چىقىشى 15 كۈن ئۆپچۆرىسىدە تولۇق تاماملىنىپ بولى-دۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىككىنچى ئەۋلادى

پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ئەۋلادلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولىدۇ. ياز پەسلىدىكى تۇخۇم مەزگىلى 6 ـ 7 كۈن، كۈز پەسلىدىكى تۇخۇم مەزگىلى 9 ـ 10 كۈن بولىدۇ، 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن ئۇچىنچى ئەۋلاد قىزىل ئۆمۈچۈك پەيدا بولىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىدىن كېيىن 4 ـ، 5 ـ ئەۋلاد قىزىل ئۆمۈچۈك كۆپ مىقداردا پەيدا بولۇپ، 7 ـ، 8 ـ ئايلارغا كەلگەندە قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ پەيدا بولۇشى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئالما يوپۇرمىقىدا پەيدا بولغان قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ زىچلىقى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ.

**3. ئالما قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ دەرەخ تاجىسىغا تارقىلىشى:** يېتىلگەن ئانا قىزىل ئۆمۈچۈك يوپۇرماقنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى ئاساسىي تومۇر پار يەرگە ياكى يوپۇرماق ئارقىسىدىكى ئاساسىي تومۇرغا يېقىن جايدا تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇمدىن چىققان لىچىنكىسى ئاساسەن يېڭى يوپۇرماقنىڭ ئوڭ يۈزىدە ئۇزۇقلىنىپ زىيان سالىدۇ، بەزى چاغلاردا يوپۇرماق ئارقىغا يامراپ زىيان سالىدۇ.

**4. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** لىچىنكا قىشتىن ئۆتىدىغان قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئاساسىي مىقدارىنى كونترول قىلىش، كۆشەندە ھاشاراتلاردىن پايدىلىنىپ يوقىتىش، ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە دورا پۈركۈش قېتىم سانىنى ئازايتىپ، مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى مۇۋاپىق چېچىپ يوقىتىش كېرەك. (1) بىيولوگىيەلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: كۆشەندە ھاشاراتلار (قارا گۈللۈك چىرباشكا، خانقىز، ئالتۇن كۆز) دىن پايدىلىنىپ يوقىتىش كېرەك؛ (2) چېچەكلەشتىن بۇرۇن ياكى چېچەكلىگەندىن كېيىن، كۆشەندە ھاشاراتلەرگە تەسىر قىلمايدىغان بىراق قىزىل ئۆ-

# كېۋەز غوزا قۇرتى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

پاتىگۈل ئوبۇل تۇرسۇنگۈل باۋۇدۇن
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن 844000)

**1. كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى ۋە ياشاش ئا-دىتى:** كېۋەز غوزا قۇرتى شىنجاڭدا يىلىغا ئۈچ ئەۋلاد پەيدا بولىدۇ، ئۇ ئا-ساسەن كۆممىقوناق، كېۋەز، ئاق قوناق، شوخلا، كۆك پۇرچاق، بىدە قاتار-لىق زىرائەتلەرنىڭ قىرلىرىدا 2 ـ 5 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا قورچاق ھالىتىدە قىشتىن ئۆتىدۇ. ئىككىنچى يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا يېتىلگەن ھاشاراتى پەيدا بولىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدا تۇخۇم تۇغىدۇ، كېۋەز غوزا قۇرتى كۈندۈزى زىرائەتلەرنىڭ باراقسان ئۆسكەن قىسىملىرىغا يوشۇرۇنىۋالىدۇ، كېچىسى گۈل شىرنىلىـ-

---

مۇچۇككە تەسىر قىلىدىغان، يوقىتىش ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى تاللاشچانلىق خۇ-سۇسىيىتىگە ئىگە بولغان دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. يەنى 20% لىك دى-كوفول (三氯杀螨醇) نى، 1000 ـ 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، 50% لىك سولفۇر ئېمۇلتسىيەسىنى 200 ـ 400 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم؛ (3) سۇنئىي ئۇسۇلدا يوقىتىش: ئالما دەرىخى تىنچلىنىش مەزگىلىدە قېرى قوۋزاقلىرىنى قىرىپ، ئۇنىڭدا قىشلىغان ئانا قىزىل ئۆمۈ-چۈكنى يوقىتىش لازىم. بۇ ئۇسۇلنى باش باھاردا، دەرەخ بىخلىنىشتىن بۇرۇن ئېلىپ بارسا ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ؛ (4) كۆچەتلەرنى كارانتىن قىلىش: ئالما قىزىل ئۆمۈچۈكى بولسا قىشلىغان تۇخۇمى ئارقىلىق تارقى-لىدۇ. شۇڭا ئالما كۆچەتلىرىنى يۆتكىگەندە كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىپ، قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ كەڭ كۆلەملىك تارقىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك. (03)

رى بىلەن ئۇزۇقلىنىدۇ، ھەم چېچەكلەپ تۇخۇم قويىدۇ. بىر دانە چىشى ھاشارات ئۆمرىدە ئىككى قېتىم ياكى يەتتە قېتىم چېچەكلەپ 1000 ـ 2000 دانىغىچە، كۆپ بولغاندا 3000 دانىغىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. غوزا قۇرتى ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ 24℃ ـ 28℃، نىسـ-پىي نەملىكىنىڭ 70% دىن يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

**2. زىيان سېلىش:** كېۋەز غوزا قۇرتى ئاپتونوم رايونىمىزدا كېۋەز، بۇغداي، قوناق، ئاپتاپپەرەس، شوخلا، كۆك پۇرچاق قاتارلىق كۆكتات زىرا-ئەتلەرگە زىيان سالىدۇ. بىرىنچى ئەۋلاد لىچىنكىسى 6 ـ ئايدا كېۋەز، شوخلا، كۆممىقوناق، كاۋا، پۇرچاق قاتارلىق زىرائەت كۆكتاتلارغا زىيان سالىدۇ، 2 ـ ئەۋلاد لىچىنكىسى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ئاخىرى كېۋەزنىڭ يۇمران يوپۇرمىقى ۋە گۈل ـ غۇنچىلىرىغا ئېغىر زىيان سالىدۇ. 3 ـ ئەۋلاد لىچىنكىسى 9 ـ ئاينىڭ باش ئوتتۇرىلىرى غوزىغا ۋە كۆممىقوناققا زىيان سالىدۇ، كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ 2 ـ ئەۋلادىنىڭ كېۋەزگە بولغان زىـ-يىنى ئېغىر بولىدۇ، بىر دانە لىچىنكا ئۆمرىدە 10 ـ 20 تال گۈل غۇنچىـ-سىغا 2 ـ 3 دانە يۇمران غوزىغا زىيان سالىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** ① قىش كىرىشتىن بۇرۇن قىرلارنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، توك ياتقۇزۇشقا ئەھمىيەت بەرگەندە غوزا قۇرتىنى ئۈنۈملۈك يوقاتقىلى بولىدۇ؛ ② كېۋەز غوزا قۇرتىنى يېـ-تىلگەن ھاشارىتىنىڭ خىرە نۇرلۇق چىراغ، جىنسىي جەلپ قىلىش دورىسى، تىرەك شېخى، ئاچچىق سۇ قىيامى، شېكەر قاتار-لىقلارغا ئىنتىلىشىدىن پايدىلىنىپ يوقاتقاندا، تېخىمۇ ئۈ-نۈملۈك يوقاتقىلى بولىدۇ. (05)

# مۇچ بۇزغۇچ زەمبۇرۇغ كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

خەمىدە قۇربان
(غۇلجا شەھىرى يېڭىيەر يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835000)

مۇچ بۇزغۇچ زەمبۇرۇغ كېسىلى نۆۋەتتە مۇچ ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر - قايسى بازىلاردا ئومۇميۈزلۈك تارقىلىپ، مۇچنىڭ پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە پەيدا بولۇپ، مەھسۇلاتقا ئېغىر زىيان سالماقتا. بۇزغۇچ زەمبۇرۇغ كېسىلى — يۇقۇملۇق پاختىلىشىپ قۇرۇش كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كېسەللىك يۇز بەرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، غولنىڭ تۆۋىدە دائىرىلىك قارامتۇل يېشىل سۇلۇق قاپارتقۇ پەيدا بولىدۇ. كېيىنچە ئۈستى قىسمىدىكى يوپۇرماقلار يەڭگىل سولىشىپ، غول تۆۋىدىكى داغلار قارامتۇل قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ، يوپۇرماقلار سولىشىپ يېشىل پېتى قۇرۇيدۇ، غولدىكى داغ يۇقىرىغا قارىتا كېڭىيىپ مېۋە تۆكۈلىدۇ. تۈپ يېشىل قۇرۇيدۇ، بۇ خىل كېسەللىك نەملىك تۆۋەن ۋە بەكرەك نەم يەرلەردە ئاسان پەيدا بولىدۇ. سۇغاردىن كېيىن ياكى ھۆل - يېغىندىن كېيىن كېسەللىك ئاسانلا تارقىلىدۇ ۋە ئېغىرلىشىدۇ. پارنىكلاردا نەملىك ۋە تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولسا كېسەللىك ئاسانلا تارقىلىدۇ، ئۇدا مۇچ تېرىلغان ئېتىزلاردىمۇ كېسەللىك ئېغىر پەيدا بولىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) ئۇدا تېرىشتىن ساقلىنىش، ئەڭ ياخشىسى، سامساق، پىياز تۈرىدىكىلەرنىڭ ئېڭىزىغا تېرىش ياكى سامساق، پىياز تۈرىدىكىلەر تېرىلغان يەردىن كۆچەت تۈپىسى ئېلىپ تېرىش، پەرۋىشنى كۈچەيتىش، ساغلام ئۆسۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كېسەل تەگكەن مايسا بايقالسا، شۇ مايسىنىڭ بىر مېتىر ئەتراپىدىكى مايسىلارنى كۆچۈرمەسلىك، كېسەللەنگەن تۈپلەرنى ۋاقتىدا يۇلۇپ تۈپىسىنى ئېلىپ تاشلاش، ئاز - ئازدىن سۇغىرىش، غول تۆۋىگە سۇ چىقارماسلىق كېرەك؛ (2) كېسەللىك بايقالغان ھامان 500 ھەسسىلىك رىدومىل (甲霜灵) پاراشوكى ياكى 58% لىك مانكوزىپ (甲霜灵锰锌) پاراشوكى ياكى 50% لىك رۈيدۇتوڭ (瑞毒铜) پاراشوكىغا مايسا يىلتىزىنى چىلاش ۋە بۇ دورىلارنى چېچەكلەش ۋە مېۋىلەش مەزگىللىرىدە، سۇغىرىشنىڭ ئالدىدا يىلتىز تۆۋىگە 7 - 10 كۈندە بىر قېتىم جەمئىي 3 - 4 قېتىم قۇيۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا كېسەللىك يامراپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مايسىنىڭ كېسەللىنىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. (02)

# ئالمىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىسى

رەيھانگۈل ئابدىۋەلى
(قورغاس ناھىيەلىك ئورمان ئىدارىسى قۇم تىزگىنلەش پونكىتىدىن 835200)

**1. پەرۋىشنى كۈچەيتىش:** ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى تىزگىنلەش كېرەك. (1) يازلىق پۇتاش: 6 ـ، 5 ـ ئايلاردا ئۈچىنى ئۈزۈش، تولغاش، تارتىش شالاڭلىتىش، كېسىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەمەن مېۋە شاخ گۇرۇپپىنى يېتىشتۈرۈپ ئىككىنچى يىلى چېچەكلىشى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا غۇنچە دەرەخنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ، ئاساسىي غولىنىڭ قوۋزىقى ھالقىسىمان سويۇلىدۇ. لېكىن دەرەخنىڭ ئۆسۈشىنى بەك ئاجىزلىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. (2) ئاساسىي ئوغۇتنى بالدۇر بېرىش، يېتەرلىك بېرىش ئاساسىدا مېۋىسى چوڭلاش مەزگىلىگە كىرىشتىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ 3~5 قېتىم يوپۇرماقتىن ئوغۇتلاش كېرەك. ئۆسۈش مەزگىلىدە قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا ھەر موغا 10 ـ 15 كىلوگىرام ساپ ئازوت، 5 ـ 5.7 كىلوگىرام ساپ فوسفور 8 ـ 12 كىلوگىرام ساپ كالىي بېرىلىدۇ. يوپۇرماقتىن ئوغۇتلاشتا كالىي دىھىدرو فوسفات ۋە بىرىكمە ھالەتتىكى ئامىنو كىسلاتا، تۆمۈر، كالتسىي، سىنىك ياكى ئامىنو كىسلاتالىق كۆپ تەركىبلىك ئوغۇت، ئاز ئۇچرايدىغان تۇپراق ئېلېمېنتلىق ئامىنو كىسلاتاسى ئوغۇتى قاتارلىقلارنى تاللاپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

**2. فىزىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كېرەك:** (1) نۇرغا قارىتا ئىنتىلىشچانلىقى ئىگە زىيانلىق ھاشاراتلارغا قارىتا خىرە نۇرلۇق چىراغ ئارقىلىق جەلپ قىلىپ يوقاتسا بولىدۇ. خىرە نۇرلۇق چىراغنىڭ ئەتراپىغا يۇقىرى بېسىملىق توك تورىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى چىراغ ئاستىغا زەھەرلىك سۇيۇقلۇق بوتۇلكىسىنى ئېسىش ياكى چىراغ ئاستىغا ئاپتول تېمىتىلغان سۇ دىسىنى قويۇش كېرەك. (2) سېرىق تاختا ئارقىلىق كۆك پىتنى جەلپ قىلىپ يوقىتىشتا باغنىڭ ئىچىگە ئۇس-

تىگە ئاپتول سۈرۈلگەن ياغاچ رەشلىك تاختىلارنى (ياكى كارتون كارتىلار-نى) قويغاندا ئۇچۇش جەريانىدىكى قاناتلىق كۆك پىتلارنى يېپىشتۇرۇپ يو-قاتقىلى بولىدۇ.

**3. بىيولوگىيەلىك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** خىرە نۇرلۇق چىراغقا جەلپ قىلىش، سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆچۈرۈش ۋە دېھقانچىلىق دورد-لىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش، كۆشەندە-لەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن باشقا، يەنە 0.3% لىك كۆسەنجە-يەن سۇيۇق دورىسىنىڭ 300~200 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈر-كۈش ئارقىلىق، ئالما قىزىل ئۆمۈچۈكى قاتارلىق ھاشاراتلارنىڭ زىيان سېلىشىنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئال-دىنى - ئېلىش يوقىتىش جەھەتتە ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان ھەر خىل ئانتىبىئوتىك دورىلاردىن. پايدىلىنىش كېرەك، مەسىلەن: 10% لىك باۋلىئەن نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى تەكشى تۇمانلىتىپ پۈركۈش كېرەك.

**4. خىمىيەلىك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) خالتا كەيگۈزۈش-تىن ئىلگىرىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نەملى-نىشچان پاراشوكىنىڭ 600~800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 70% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نىڭ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك. ئالما سېرىق پىتى پەيدا بولغاندا 5% لىك دىڭچۇڭمى ئې-مۇلتسىيەسىنىڭ 5000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 10% لىك ئى-مىداكلورد (吡虫啉) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ3000 ھەسسىلىك ئې-رىتمىسىنى پۈركۈسە بولىدۇ. ئالما كۆك پىتى ئېغىر پەيدا بولسا 48% لىك لورسبان (乐斯本) مايلىق ئېمۇلتسىيەسىنىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىت-مىسىنى تۇمانلىتىپ پۈركۈسە بولىدۇ. ئالما قاسراقلىق قۇرتى پەيدا بولسا 3% لىك سۇكېشىڭ ئېمۇلسىيەسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 5% لىك خۇاڭشىجياشا نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 2000 ھەسسى-لىك ئېرىتمىسىنى قوشۇپ پۈركۈسە بولىدۇ.

خالتا كەيدۈرۈشتىن ئىلگىرى 80% لىك داشىڭ (大生) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسگە 70% لىك مېتىل توپسىن نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈسە بو-

لىدۇ. (2) خالتا كەيدۈرگەندىن كېيىنكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھا-
شاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: مېۋىگە خالتا كەيدۈرۈشنىڭ ئال-
دى - كەينى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار يوقىتىشتىكى ھالقىلىق
مەزگىل. كېسەللىكلەردىن ئاساسلىقى قوتۇر داغ كېسىلى، داغلىق يوپۇر-
ماق تۆكۈلۈش كېسىلى، ھالقىسىمان داغ كېسىلى، كۆيدۈرگە كېسىلى قا-
تارلىقلار بار. زىيانداش ھاشاراتلاردىن ئاساسلىقى شاپتۇل كىچىك مېغىز
قۇرتى، كۆك پىت، كانا قاتارلىقلار بار. زىيانسىز مېۋە ئىشلەپچىقىرىش
مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەد-
بىرلىرىنى قوللانسا بولىدۇ: ① خالتا كەيدۈرگەندىن كېيىن 200 ھەسسە-
لىك سىنىك، مىسلىق بوردو سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈگەندە، دەسلەپكى مەزگىل-
دىكى يوپۇرماق تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. مېغىز قۇرتى ئېغىر
بولغان مېۋىلىك باغلارغا 30% لىك تاۋ شىياۋلىڭ ياكى 20% لىك تاۋشىد-
ياۋ دۇشانىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى دەرەخ گەۋدىسىگە ۋە دەرەخ
تاجىسى ئاستىدىكى يەر يۈزىگە پۈركۈسە بولىدۇ. كۆك پىت، قاسراقلىق
قۇرت ئېغىر پەيدا بولغان مېۋىلىك باغلارغا ئىمىداكلورد ياكى لورسىبان-
نىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈسە بولىدۇ. ② ئادەتتە 6 -
ئاينىڭ ئاخىرلىرى خالتا كەيدۈرۈلگەن ئالمىلارغا ئىككىنچى قېتىم دورا
پۈركۈلىدۇ. بۇنىڭدا مەنسىجىنىڭ (螨死净) نىڭ 2000~ 2500 ھەسسىلىك
ئېرىتمىسىگە 25% لىك مىيىۇنياۋنىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى
قوشۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ. مېغىز قۇرتى ئېغىر پەيدا بولغان مېۋىلىك
باغلارغا 30% لىك خاۋشىياۋلىڭ ياكى 20% لىك تاۋچىياۋ دۇشانىڭ1500
ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈسە بولىدۇ. باكتېرىيە يوقىتىش دورىلى-
رىدىن 10% لىك شىگاۋنىڭ 6000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، 12.5% لىك
جۇنزو ئېمۇلسىيەسىنىڭ 2500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈسە بولى-
دۇ. ③ 8 - ئاينىڭ باشلىرى ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە كېسەللىك،
زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالىغا قاراپ داشىڭ M54 گە
70% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نەملىشىشچان پاراشوكىنىڭ

1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەمدە 25% لىك سەنزوشىنىڭ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى قوشۇپ پۈركۈسە بولىدۇ. دورا پۈركۈگەندە بور ئوغۇتى، كالىي دىھىدرو فوسفات، ئامىنو كىسلاتالىق كۆپ تەركىبلىك مىكرو ئوغۇتلارنى قوشۇپ پۈركۈسە بولىدۇ. ④ 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئارا پىشار ئالمىغا كەيدۈرۈلگەن خالتىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىككى كۈن ئىچىدە 50% لىك جۈندۈچىلىك (菌毒清) نىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىگە پىخگەي باۋنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى قوشۇپ پۈركۈش كېرەك. ⑤ 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى دەسلەپكى مەزگىلدىكى يوپۇرماق تۆكۈلۈش كېسەللىكىگە قارىتا 70% لىك لۇنلوجىڭ نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 70% لىك مېتىل توپسىننىڭ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى تۇمانلىتىپ پۈركۈسە بولىدۇ. ئەگەر سېرىق يوللۇق پەرۋانە پەيدا بولغان بولسا ئۇنىڭغا 25% لىك نېيۇنىياۋ ـ 3 كوللېئىتلىق سۇسپېنزىيە دورىسىنىڭ 2000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 1.8% لىك ئاۋېيمېتسىن (阿维菌素) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 5000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى يوپۇرماقنىڭ ئالدى تەرىپىگە پۈركۈسە بولىدۇ. ⑥ 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئارا پىشار، چىلگە مېۋىلەرنى يىغىۋالغاندىن كېيىن باغقا بوردو سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈپ يوپۇرماقلارنى ئاسراش كېرەك. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرى كەيدۈرۈلگەن خالتا ئېلىۋېتىلگەن جاغدا فۇشى ئالمىغا قارىتا، كېيىنكى ئىككى كۈندە 10% لىك شىگاۋنىڭ 3000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 5% لىك جۇندوچىڭنىڭ 5000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىگە روئېينگەيىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى قوشۇپ پۈركۈسە بولىدۇ. ⑦ فۇشى ئالمىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن بوردو سۇيۇقلۇقىنى ياكى باشقا باكتېرىيە يوقاتقۇچى دورىلارنى پۈركۈپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى يوپۇرماقلارنى ئاسراش كېرەك. يامغۇر كۆپ ياغقان پەسىلدە يامغۇر سۈيىنىڭ دورىنى ئېقىتىۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دورا ئېرىتمىسىگە 1.1% لىك خەيلىپىڭنى قوشۇپ پۈركۈسە بولىدۇ.(03)

# سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزىنى قىش پەسلىدە ئاسراش

مۇيەسسەرجان قۇربانىياز
(تارىم دەريا ۋادىسى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 848000)

سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ تۈز، سۇ ئېقىمى تەكشى، قاينام ياكى تەتۈر ئېقىم شەكىللەنمەيدىغان، قۇم ـ لاتقا تىنىپ قالمايدىغان، سۇ چايقاپ كولىنىپ شەكلى بۇزۇلمايدىغان بۆلەكلىرىدىن تاللاپ، سۇ ئورنىنى كۆزىتىش، سۇ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق ئۆلچەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان ئېقىم ئۆلچەش كەسمە يۈزىنى كۆرسىتىدۇ. سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزى مۇكەممەل بولغان سۇ ئۆلچەش ئەسلىھەلىرىگە قارىغاندا ئاددىي، كېتىدىغان مەبلەغ ئاز، ئىشلىتىش ئاسان، خاتالىقنى سىپلىشتۇرۇش تېز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزلىرىدە سۇ ئورنىنى كۆزىتىش، ئېقىم ئۆلچەش ئەتىياز، ياز، كۈز پەسلىدە قولايلىق بولسىمۇ، قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش، سۇ مۇزلاش سەۋەبلىك كەسمە يۈز بۇزۇلۇپ، ئېقىم ئۆلچەشنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىنتايىن مۇشكۈل. شۇڭا قىش پەسلىدە سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزلىرىنى ياخشى ئاسراپ، كەسمە يۈزدىن ئۆتكەن ئېقىم مىقدارىنىڭ ئېنىق، توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، سۇغىرىش رايونلىرى، جۈملىدىن دېھقانلار ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1. سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزى شەكلىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزى سۇ ئۆلچىنىدىغان ئېرىق ئۆستەڭ ئۆلچەش نۇقتىسىنىڭ توغرا كەسمە يۈزىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ھەر دائىم ئېقىم يۆنىلىشىگە تىك بولىدۇ. قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى سەۋەبىدىن ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقى، تېگى مۇزلايدۇ، تېمپېراتۇرا پەۋقۇلئاددە تۆۋەن بولغاندا ئېقىن سۇنىڭ يۈزى مۇزلاش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق چاغدا دەرھال كۈچ تەشكىللەپ، مۇزلارنى چېقىپ ئېقىتىپ، كەسمە يۈزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىمكانقەدەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قىشلىق سۇغىرىش تۈگىگەنگە قەدەر كېچە ـ كۈندۈز مۇزلارنى چېقىپ، كەسمە يۈز شەكلىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، سۇ ئۆلچەشنىڭ ئېنىق، توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

2. ئۆستەڭنىڭ سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن 10 ـ 15 مېتىر، تۆۋەن تەرىپىدىن 10 ـ 15 مېتىر ئورۇنىنىڭ مۇزلىرىنى چوقۇپ ئېقىننى راۋانلاشتۇرۇپ، كەسمە يۈزگە سۇ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى سېلىپ، كەسمە يۈزدىكى مۇئەييەن سۇ ئورنى بىلەن ئېقىن مىقدارىنى سېلىشتۇرۇشقا شارائىت ھازىرلاش لازىم.

3. كەسمە يۈزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە مۇز تۇسۇلۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ، سۇنىڭ كەسمە يۈزى قېيىپ ۋە تەتۈر ئېقىم شەكىللەندۈرۈپ، كەسمە يۈزنى بۇزىۋېتىش ۋە مۇز تاشقىنى سەۋەبىدىن كەسمە يۈزنىڭ گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

4. كەسمە يۈزىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا سەل قاراش تۈپەيلىدىن ئىككى قىرغاق، سۇ تېگى ۋە كەسمە يۈزنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن تەرەپلىرىدە سۇ مۇزلىغاندا سۇ ئېقىمى ئۆستەڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىلىش، قېيىش، تاشقىن كۆتۈرۈلۈش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، توغرا كەسمە يۈزنىڭ نورماللىقىنى بۇزۇپلا قالماي، كەسمە يۈزنىڭمۇ نورماللىقىنى بۇزۇپ، سۇ ئورنىنى كۆتۈرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇز ئورنىمۇ ئېقىۋاتقان سۇ ئورنىدا ھېسابلىنىپ، سۇ ئورنى بىلەن ئېقىم مىقدارىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۆستەڭدىكى ئاز سۇ كۆپ مىقداردا ھېسابلىنىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ، كەسمە يۈز ئۆز ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئادەم كۈچىنى ئاۋۇتۇش ياكى قېزىش ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق كەسمە يۈزگە تەسىر كۆرسەتكەن بارلىق مۇزلارنى جىددىي ئادالاش لازىم.

5. سۇ ئورنىنى كۆرسىتىدىغان رەيكىلارنىڭ يۈزى ۋە ئەتراپىدىكى مۇزلارنى داۋاملىق تازىلاپ تۇرۇش لازىم. رەيكىدىن سان ئوقۇشنىڭ ئالدىدا رەيكىغا يامىشىۋالغان ھەر خىل نەرسىلەر ۋە مۇزلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، رەيكىنىڭ سىرىنى چىقىرىۋېتىپ شىكالىسىنى بۇزىدىغان، ئېگىپ مايماق قىلىۋېتىدىغان، سۇندۇرۇۋېتىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش لازىم.

6. ئەگەر كەسمە يۈز دائىرىسىدە سۇ ئورنى كۆزىتىش قۇدۇقى، سۇ ئورنى ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر بولسا قىش پەسلىدە ئاسان مۇزلايدىغان

# سۇ ئامبار قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھمىيىتى

ئايشىنۇر غېنى
(ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

سۇ ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ ياكى سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلىرىغا سۇ ئامبىرى ياسىسا، كەلكۈن سۈيى ۋە قىش، ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدىكى زىيادە سۇلارنى ئامبارغا قاچىلاپ، سۇ ئىشلىتىش ئەھۋالىغا ئاساسەن تۆۋەن ئېقىمىغا ماڭغۇزۇپ سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى ھەمدە سۇ ئىشلىتىش مىقدارىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، سۇ ئىشلىتىش ماجىراسىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا سۇ ئامبىرىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. چۈنكى سۇ ئامبىرى قۇرغاقچىلىق مەزگىللىرىدە سۇ ئىشلىتىش مىقدارىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىپ، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى سۇ بىلەن كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سانائەتنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. خەلق تۇرمۇشىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇ ئامبار ياساشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

سۇ ئامبىرى ياسىلىدىغان ئورۇننىڭ يەر شەكلىگە ئاساسەن ئۈچ تۈرگە

---

قىسىملىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئاسراپ، ساقلاپ، ئەتىيازدا قايتا ئورنىتىپ ئىشلىتىش لازىم.

7. ئېلېكتىر تېخنىكىسى ۋە كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتوماتىك ۋە يېرىم ئاپتوماتىك سۇ ئۆلچەش قۇرۇلمىلىرى، سۇ ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ياسىلىپ، شارائىتى بار سۇغىرىش رايونلىرىدا ئىشلىتىلىپ، خېلى يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىلدى. لېكىن قانداق ئىلغار ئەسۋاب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كەسمە يۈزىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئوخشاش بولغاچقا، قىشتا قوللىنىش يەنىلا قىيىن بولىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ ئۆلچەش كەسمە يۈزىنى قىش پەسلىدە ئاسراشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، سۇ ئورنىنى كۆزىتىش، سۇ ئۆلچەش ئىشلىرىنى ئادەم كۈچى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىشلەش لازىم. (05)

# يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ئابلەت غوجامنىياز
(خوتەن ناھىيە تەۋەككۈل يېزىلىق سۇ پونكىتىدىن 848000)

ئىچىملىك سۇ ئالدى بىلەن كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىۋاتقان ھەر خىل مەنبەلىك سۇلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىچىملىك سۇ ئىشلىتىش قىممىتىگە ۋە كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىش ئەھۋالىغا قاراپ تاۋار سۇ، تاۋارسىز سۇ دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى تاۋار سۇ مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر خىل سۇ زاۋۇتلىرى تېخنىكىلىق ئىشلەپچىقارغان ساپلىقى يۇقىرى، ماركىسى، ئادرېسى ئېنىق، ئىشلەپچىقارغان ۋاقتى ئېنىق ھەر خىل ماركىلىق سۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاۋارسىز سۇ بولسا كىشىلەرنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىغا ئورنىتىلىۋاتقان

ئايرىشقا بولىدۇ. ① تاغ جىلغىسى ئىچىگە ياسالغان سۇ ئامبىرى: بۇ خىل سۇ ئامبىرى ئاساسەن كەلكۈن سۈيى ۋە قىشلىق قار سۈيىنى قاچىلاپ، سۇ ئىشلىتىش مەزگىلىدە تۆۋەنگە پىلانلىق ھالدا تەڭشەپ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل سۇ ئامبىرى ئاساسەن بىتوندىن ياسىلىدۇ؛ ② ئېدىرلىقتىكى سۇ ئامبىرى: بۇ خىل ئامبارلارنىڭ كۆپ قىسمى تاغ ئالدى ئېدىرلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، كەلكۈن سۈيى، بۇلاق سۈيى ۋە ۋاقتىنچە ئىشلىتىلمىگەن سۇلارنى قاچىلاپ، تۆۋەنگە تەڭشەپ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل سۇ ئامبىرى كۆپىنچە توپا، تاش، شېغىل قاتارلىق ماتېرىياللار بىلەن ياسىلىدۇ؛ ③ تۈزلەڭ سۇ ئامبىرى: بۇ خىل سۇ ئامبىرى كۆپىنچە تۈزلەڭ ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئەت توپا بىلەن ياسىلىدۇ. بۇ خىل سۇ ئامبارلىرى كۆپىنچە قىش، كۈز، ئەتىيازدىكى ئوشۇق سۇلارنى كىرگۈزۈپ، تۆۋەنگە پىلانلىق ھالدا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىپ، تېرىلغۇ يەرنى ئېھتىياجلىق سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل سۇ ئامبىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. ئومۇمەن ھەممىسى يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سۇ ئامبىرىدا بېلىق قاتارلىقلارنى بېقىپ، ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (05)

خۇسۇسىي قۇدۇقلاردىن ھەقسىز پايدىلىنىۋاتقان سۇنى ۋە دەريا - ئۆستەڭ-لەردىن ئېلىپ كېلىپ ئىشلىتىۋاتقان سۇنى كۆرسىتىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزى دېھقان - چار-ۋىچىلار تاۋار سۇنى دۇكانلاردىن سېتىۋالالمايدۇ. تۇرمۇشى ئوتتۇرا ھال، ھاللىق سەۋىيەدىكى ھەر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، ئىقتىسا-دىي ئەھۋالى ياخشى، كىشى بېشى كىرىمى يۇقىرى كىشىلەرلا تاۋار سۇنى كۈندە دېگۈدەك ئىستېمال قىلالايدۇ. ئەمما يېزا - قىشلاقلاردا يەنە بىر قى-سىم دېھقان - چارۋىچىلار تاۋار سۇ ئىستېمال قىلىش جەھەتتە ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەچكە، ھويلىسىدىكى خۇسۇسىي قۇدۇقىدىكى سۇنى ئىستېمال قىلىۋاتىدۇ. دەريا يىراق، ئۆستەڭلەردە ئېقىۋاتقان سۇلار بولسا لاي - لاتقا، پاسكىنا بولغاچقا، كۆپىنچە ھاللاردا ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن كۆپ ساندىكى دېھقان - چارۋىچىلار ھويلا - ئاراملىرىغا، ئۆي ئىچىگە تۇرۇبا سۈيى يەتكۈ-زۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلىنىش ئادەم ۋە ھايۋانلار-نىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرالمايۋاتىدۇ. ئاز ساندىكى يېزا - قىشلاقلاردا تېخى تۇرۇبا سۈيى يېتىپ كەلمىگەچكە، تېخىچە قۇدۇق سۈيىنى ئىستېمال قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل تۇرۇبا سۈيىنى قۇدۇق سۈيىنى ئىستېمال قىلىۋاتقان كىشىلەر ئاسانلا كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. نۆۋەتتە ئىچىملىك سۈيىنى ياخشىلاش ۋە يىراق يېزا - قىشلاقلاردا تۇرۇبا سۈيىنى ئومۇملاش-تۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلۇشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئېلىپ بېرىش خەلقنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە باغلىق بولغان مۇھىم مەسى-لىگە ئايلاندى. شۇڭا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى ئى-چىملىك سۇ مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ۋە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ياخشىلاشقا كۈچ چىقىرىش كې-رەك. (05)

# ئۆستەڭلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراش

ئابلاجان ئاخۇن
(ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈنئاتۇش بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

مۇۋاپىق ئۆستەڭلەرنى ياساش بىلەن بىرگە، ئۇنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراش ھەمدە ئىشلىتىش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت بولۇپ، بۇنىڭغا سەل قارالسا ئۆستەڭلەرنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، زىرائەت مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇنۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

**1. ياخشى باشقۇرۇش:** باشقۇرۇشتا ئۆستەڭلەردە بىخەتەر سۇ ماڭدۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر ئۆستەڭنىڭ ھەربىر بۆلىكىگە مەخسۇس خادىم تەيىنلەپ، مەسئۇلىيەتنامە ۋە تۈزۈم بېكىتىش، ئۆستەڭدە سۇ نورمىسىدىن ئارتۇق سۇ ماڭدۇرماسلىق، قىشتا بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئۆستەڭ ئىچىگە ئوت - چۆپ ئۈندۈرمەسلىك، ئۆستەڭ ئىچىگە تاش، شېغىل، ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەرنى تاشلىماسلىق، ئۆستەڭ قېشىدىن قالايمىغان توپا ئالماسلىق، ئەگەر سېمونت ئۆستەڭ بولسا قىشتا سۇ ماڭدۇرماسلىق كېرەك. ئەگەر توپا ئۆستەڭ بولسا ئەتىيازدا سۇ باشلاشتىن بۇرۇن بىر قېتىم تازىلاش لازىم. سېمونت ئۆستەڭلەردە توڭ كۆتۈرۈلۈپ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆستەڭ ئىچىدىن قالايمىقان ئېغىز ئېچىلىپ، ئۆستەڭ قېشىنى بۇزماسلىق كېرەك.

**2. ياخشى ئاسراش:** ئۆستەڭ ئۈستىگە دەرەخ تىكمەسلىك، مال كىرگۈزمەسلىك، ئۆستەڭ قېشىدىن چىم چاناپ ئالماسلىق، توپا ئالماسلىق، ئۆستەڭ ئىچىگە دەرەخ شاخلىرىنى دۆۋىلەپ، سۇ يۈزىنى ئۆرلىتىۋەتمەسلىك، خالىغانچە ئېغىز ئېچىپ سۇ باشلىماسلىق لازىم. ئەگەر يېڭىدىن ياسالغان ياكى ئۆزگەرتىپ ياسالغان ئۆستەڭلەر بولسا، ئىشلىتىشتىن بۇرۇن سىناق تەرىقىسىدە سۇ قويۇپ سىناقتىن ئۆتكۈزۈش، مەسىلە كۆرۈلسە دەرھال رېمونت قىلىش كېرەك. سۇ قويۇشتىن بۇرۇن ۋە سۇ ئېقىۋاتقان مەزگىلدە ئۆستەڭلەرنىڭ ئىككى قېشىنى كۆزىتىپ، سۇ سىڭىپ چىقىش، قاشنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالى، توشۇپ چىقىش ئەھۋالى، سۇ تورۇپ قېلىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى دائىم تەكشۈرۈپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. (05)

# سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى رولى

مېھرىگۈل مۆمىن
(ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. سۇ بولسا يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى، ھاياتلىقنىڭ مەنبىيى، سۇ بولمىسا دېھقانچىلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى خەلق تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. سۇ بايلىق مەنبەسىدىن ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن، چوقۇم سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئېلىپ بېرىش لازىم. سۇ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كۆۋرۈك، قاپقاق، زاكۇ، شارقىراتما، ئامبار، پۇركۈپ سۇغىرىش، تېمىتىپ سۇغىرىش، ئۆستەڭلەرنى سېمونتلاپ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قىلىپ ياساپ چىقىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا كىرىدۇ.

سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا دۆلەتنىڭ مەبلىغىگە قاراپ تۇرماستىن، كەڭ خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ مەبلەغ توپلاپ، ئەمگەك كۈچى تەشكىللەش، شۇنداقلا ھاللىق ئائىلىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى ۋاقتىدا، پۇختا ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. زامانىۋى، تېخنىكىلىق سۇ ئىنشائاتى ئېلىپ بېرىپ، سۇدىن تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش لازىم. سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى بىلەن كۆپ شۇغۇللانسا، سۇنى تېجەشلىك ئىشلەتكىلى ۋە پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، ئاز سۇ بىلەن كۆپ يەرنى سۇغارغىلى، زىرائەت مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. رايونلار ئارا سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى كۆپ ئىشلەنسە، سۇنى تەڭشەپ تەمىنلەپ، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، سۇ مول رايونلاردىكى ئارتۇق سۇلارنى سۇ كەمچىل بولغان رايونلارغا يۆتكەپ، سۇ بىلەن تولۇق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۈچۈن سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دېھقانچىلىق رايونلاردا سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش ۋە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (05)

# يېڭى تۇغۇلغان موزايلاردىكى قىززىلىپتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

ئايزىمگۈل ئابلىز
(باي ناھىيەلىك ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە پونكىتىدىن 842300)

نورمال ئەھۋالدا موزاي تۇغۇلۇپ بىر قانچە سائەت ئىچىدىلا تېزەكلەيدۇ. ئەمما بوغازلىق مەزگىلىدە ئىنەكنىڭ ئوزۇقلىنىشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، ئوغۇز سۈتىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى،ئوغۇز سۈتى سۈپىتىنىڭ ناچار بولۇشى، شۇنداقلا موزاينىڭ ئوغۇز سۈتىنى ۋاقتىدا ئىمەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن يېڭى تۇغۇلغان موزايلاردا قەۋزىيەت كۆرۈلىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** روھسىزلىنىدۇ، تىنچسىزلىنىدۇ، ئىمىش قېتىم سانى ئازىيىدۇ، موكچىيىپ تۇرىدۇ، ئىنجىقلايدۇ، قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ تېزەكلەش ھالىتىدە تۇرىدۇ، دائىم قورسىقىغا قارايدۇ. ئېغىرلاشقاندا قورسىقى ئاغرىيدۇ، بەزىدە تەرلەيدۇ، بارماقنى توغرا ئۈچەيگە تىقىپ تەكشۈرگەندە قاتتىق تېزەكلەر قولغا ئۇرۇنىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش:** (1) بوغازلىقنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بوغاز ئىنەكنى توقلۇق قىممىتى يۇقىرى يەم ـ خەشەك بىلەن بېقىپ، ھەر خىل مىنېرال ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇش كېرەك؛ (2) موزاي تۇغۇلۇپ كېچىككەندىمۇ يېرىم سائەت ئىچىدە ئوغۇز سۈتىنى ئەمگۈزۈش كېرەك.

**3. داۋالاش:** (1) پۇرچاق مېيى ياكى سۇيۇق فارافىن (石蜡油) دىن 50 مىللىلىتىرنى بىر قېتىم ئىچكۈزۈش كېرەك؛ (2) 50 گىرام ناتريي سولفات (硫酸钠)، 0.1 ـ 0.2 گىرام فىنوفتالىن ئىچكۈزۈش بىلەن بىرگە، ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ياكى موزاينىڭ قورسىقىنى ئۇۋۇلاش ئارقىلىق، ئۈچەينىڭ سازاڭسىمان ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. (02)

# كۆشگۆچى چارۋىلارنىڭ شال پاخلىدىن زەھەرلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش

ئىززەتگۈل جامال
(چەرچەن ناھىيەلىك چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 841900)

**1. زەھەرلىنىش سەۋەبى:** كۆشگۆچى ھايۋانلارنىڭ شال پاخلىدىن زەھەرلىنىشىنى ئورغاقسىمان باكتېرىيەلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شال پاخلىدىن زەھەرلىنىش 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 11 ـ ، 12 ـ ئايلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. شال پاخلىنى ياخشى قۇرۇتمىغاندا ئاسانلا كۆكىرىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ قالىدۇ. مۇنداق شال پاخلىنى كالا، قوي، ئۆچكىلەرگە بەرگەندە ئاسانلا زەھەرلىنىپ قالىدۇ.

**2. زەھەرلىنىش ئالامىتى:** زەھەرلەنگەن چارۋىلاردا ئاقساش، تۇياق ئەتراپى ئىششىش ۋە تۇياق قېپى چۈشۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. جىددىي زەھەرلەنگەندە دەسلەپ تۇياق تاجى ئىششىپ قىزىرىدۇ. تۇياق ئاغرىغاچقا ئاقساپ ماڭىدۇ، شۇنداقلا بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇياق ئەتراپىدىن سارغۇچ سۇزۇك سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىپ، تۇياق ئەتراپىنىڭ تۈكلىرى چۈشۈپ كېتىدۇ. كېسەل ئېغىرلاشقانچە تۇياق قاناپ، يىرىڭلاپ نىكروزلىنىدۇ، ئاخىرىدا تۇياق قېپى چۈشۈپ كېتىدۇ. قۇلاق ئۇچى بىلەن قۇيرۇق قىسمى نىكروزلىنىدۇ، شال پاخلى بىلەن زەھەرلەنگەن چارۋىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 40% ـ 50% كە يېتىدۇ.

**3. دىياگنوز قويۇش:** شال پاخلى بىلەن بېقىلىش ۋاقتىغا ۋە يۇقىرىدىكى ئالامەتلەرگە قاراپ دىياگنوز قويۇلىدۇ. بۇ خىل كېسەلنى چارۋىلاردىكى ئاقسىل كېسىلىدىن پەرقلەندۈرۈپ دىياگنوز قويۇش كېرەك.

**4. داۋالاش:** شال پاخلىدىن زەھەرلەنگەنلىكى مەلۇم بولغان ھامان شال پاخلى بېرىشنى توختىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپ، سىلوس، ئاقسىل مول بولغان يەم ـ خەشەكلەرنى بېرىش لازىم. زەھەرلەنگەن كالىلارغا كۈنىگە بىر قېتىمدىن 10% لىك گلۇكوزا ئېرىتمىسى ياكى فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۈيىدىن 500 مىللىلىتىر ئۇدا 3 ـ 5

# توخۇ باقمىچىلىقىدا يەم ـ خەشەك تېجەش ئۇسۇلى

رازاق تۇردى
(ئاتۇش شەھىرى ئاغۇ يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 845350)

توخۇ باقمىچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يەم ـ خەشەك باھاسىنىڭ كۈنسايىن ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، توخۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىپ، يەم ـ خەشەك تېجەش كەڭ باقمىچىلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قىسىم باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش كېرەك.

**1. ئىلمىي يەم ـ خەشەك تەييارلاش:** ئادەتتە يېشى 0 ~ 4 ھەپتىلىك چۈجىلەرنىڭ يەم ـ خەشىكىنى تەييارلىغاندا ھەر كىلوگىرام يەم ـ خەشەك تەركىبىدە 20% ـ 21% يىرىك ئاقسىل، يېشى بەش ھەپتىلىكتىن يۇقىرى گۆش توخۇسىنىڭ ھەر كىلوگىرام يەم ـ خەشىكى تەركىبىدە 18% ـ 19% يىرىك ئاقسىل، 1% كالتسىي، 0.65% فوسفور، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندىلىك ئوزۇقلۇقى تەركىبىدىكى ھەر خىل ئامىنو كىسلاتالىرىنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، توخۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك.

---

كۈن ۋىنادىن ئوكۇل قىلىنىدۇ. قوي، ئۆچكىلەرگە كۈندە بىر قېتىمدىن 100 ـ 200 مىللىلىتىر 10% لىك گىلۇكوزا ئېرىتمىسى ياكى فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۇيىدىن 50 ـ 100 مىللىلىتىر ئۈچ كۈن ۋىناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ.

ھەزىم قىلىشى ناچارلاشقان كالىلارغا 1:2 نىسبەتتە ئاش تۇزى، ناترىي بىكاربونات (碳酸氢钠) قاتارلىقلار سۇغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ، كۈنىگە بىر قېتىمدىن، ھەر قېتىمدا 150 ـ 250 مىللىلىتىردىن، ئۇدا ئۈچ كۈن ئىچكۈزۈلىدۇ ياكى 25 گىرام ناترىي بىكاربونات 50 گىرام ئېچىتقۇ تالقىنى (酵母粉) ۋە قۇرۇق ھەزىم ئېچىتقۇ تابلىتكىسى (干酵目片) دىن 100 تال بىر قېتىمدىلا ئىچكۈزۈلىدۇ. قوي، ئۆچكىلەرگە يۇقىرىقى دورىلارنىڭ مىقدارى ئازايتىپ بېرىلىدۇ. ئىچى سۈرگەن كالا، قوي، ئۆچكىلەرگە ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدىغان دورىلارنى بېرىش كېرەك. (02)

**2. مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا ۋە يورۇقلۇق:** قىش پەسلىدە توخۇ كاتىكىدىكى ئىسسىق ساقلاش كېرەك. ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى كاتەكنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ، تېمپېراتۇرىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، ئەڭ ياخشىسى كاتەك تېمپېراتۇرىسىنى 21℃ ~ 24℃ ئارىلىقىدا ساقلاش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەرقايسى رايونلار «ئىككى يورۇتۇش، ئىككى قاراڭغۇ» ئۇسۇلىنى كەڭ قوللىنىپ، توخۇ باقمىچىلىقىدا ياخشى ئۈنۈم ياراتماقتا. كونكرېتنى مەشغۇلات تەۋەندىكىچە: ئىككى سائەت يورۇتۇش، ئىككى سائەت قاراڭغۇلۇقتا قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، توخۇلارنىڭ يەپ ـ ئىچىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى توك تېجەپ، گۆش توخۇسىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئارام ئېلىشى مۇۋاپىق بولىدۇ. يورۇتۇش ۋاقتىنى ئۇزارتقاندا ھەر كىۋادرات مېتىر توخۇ كاتىكىگە 2~2.5 ۋاتلىق نۇر چۈشۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە چوغلانما لامپا ياكى 1~1.5 ۋاتلىق كۈن نۇرلۇق لامپا ئورنىتىش كېرەك.

**3. مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش:** گۆش توخۇسى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يەم ـ خەشەك دانلىق يەم ـ خەشەك، ئەگەر قۇرۇق تالقان يەم ـ خەشەك بىلەن باقسا ئاز ـ ئازدىن كۆپ قېتىم بەرسە مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇندىن باشقا يېتەرلىك يەم ـ خەشەك ئوقۇرى ۋە سۇغىرىش ماشىنىسى بولۇش كېرەك. ئادەتتە يېشى ئىككى ھەپتىلىكتىن يۇقىرى ھەر 30 ـ 40 توخۇغا بىر مېتىر ئوزۇنلۇقتا يەم ـ خەشەك ئوقۇرى، ھەر 70~80 توخۇغا بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇغىرىش ماشىنىسى ئورناتسا يەم ـ خەشەكنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

**4. يەم ـ خەشەك ئىسراپچىلىقىنى ئازايتىش:** گۆش توخۇسىنى ئوزۇقلاندۇرغاندا ئاز ـ ئازدىن بېرىپ، ئامال بار ئوقۇردا يەم ـ خەشەكنى ئاشۇرۇپ قويماسلىق ياكى ناھايىتى ئاز مىقداردا ئاشۇرۇپ قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. توقلۇق قىممىتى يۇقىرى دانچىسىمان يەم ـ خەشەكلەرنى تاللاپ سېتىۋېلىپ ئوزۇقلاندۇرغاندا، ئىلغاپ يېيىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. يەم ـ خەشەك يېڭى بولۇشى، بىر قېتىمدىلا كىرگۈزگەن ياكى ئۆزى تەڭشەپ تەييارلىغان يەم ـ خەشەك بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى، بىر ھەپ-

## موزايىلاردىكى ۋىتامىن A يېتىشمەسلىك كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئۇسۇلى

مەمەت توختى
(بورتالا شەھىرى چىندىل يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 834100)

بوغاز سىيىرلارنىڭ كۆندىلىك ئوزۇقىدا ۋىتامىن A نىڭ كەمچىل بولۇشى ياكى موزايلارنى يېڭى تۇغۇلغاندا ئوغۇز سۈتكە تويغۇزماسلىقتىن، ۋىتامىن A كەمچىل بولغان سىيىر سۈتىدە باققانلىقتىن، بۇ خىل كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سۈتتىن ئايرىلغان موزايلار تەركىبىدە ۋىتامىن A كەمچىل بولغان ئوزۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىش، قەنتلىك يېمەكلىكلەر، كېپەك قاتارلىق ئوزۇقلۇقلار بىلەن كۆپرەك بېقىلىپ، سەۋزىگە ئوخشاش ۋىتامىن A مول بولغان يېمەكلىكلەر بىلەن يېتەرلىك ئوزۇقلاندۇرۇلماسلىقتىن، بۇ خىل كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ. ئۇندىن باشقا

---

تە يەتسىلا بولىدۇ. يەم ــ خەشەك تەڭشىگەندە ئوزۇقلۇققا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا، ئامال بار شۇ يەردىكى باھاسى ئەرزان يەم ــ خەشەك ياكى خام ماتېرىيالنى سېتىۋېلىپ، تەننەرخىنى ئازايتىش، چاشقاننىڭ زىيىنىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇم ــ شېغىل قېتىپ بېرىپ، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش كېرەك.

**5. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس، داۋالاشنى قوشۇمچە قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. شۇ يەردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ۋاقتىدا ۋاكسىنا ئەملەش ۋە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك دورىلارنى سەپلەپ بېرىش، بولۇپمۇ ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، مەسىلەن: تاشقى ــ ئىچكى پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى، يېنىك دەرىجىدىكى شارسىمان قۇرت كېسەللىكى، تەنگە قوبۇل قىلىنىش (سۈمۈرۈش) ناچارلىشىشتەك ئۇنىۋېرسال كېسەللىكلەر ۋە ئاستا خاراكتېرلىك نەپەس يولى كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (02)

ئاشقازان، ئۈچەي يولى كېسەللىكلىرى، جىگەر كېسەللىكى، يورۇقلۇق-نىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ھەرىكەتلەندۈرۈش يېتەرلىك بولماسلىقى، بېقىش ـ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولماسلىقى ۋە مىنېرال ماددى-لىق ئوزۇقلۇقلارنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى قاتارلىقلاردىنمۇ بۇ خىل كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

**كېسەللىك ئالامەتلىرى:** بوغاز ماللاردا ۋىتامىن A يېتەرلىك بولمىسا تۇغۇلغان موزايلار جانسىز، ئاجىز بولۇپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئاسان گىرىپتار بولىدۇ، موزايلارنىڭ چوڭىيىشى توختايدۇ، ئاسانلا بىرىكتۈرگۈ-چى پەردىلەر ياللۇغلىنىدۇ. كەم قانلىق، سۆڭەك يۇمشاپ كېتىش كۆرۈلى-دۇ، بەزىدە ئىچى سۈرىدۇ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى نورمال بولىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش:** ئالدى بىلەن بوغاز سىيىرلارنى توقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان ئوزۇقلۇقلار بىلەن، بولۇپمۇ قۇرۇق ئوت ـ چۆپ، سەۋزە ۋە سىلوس بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش، مۇۋاپىق ھەرىكەتلەندۇرۇش، تەر-كىبىدە ۋىتامىن A كۆپ بولغان بېلىق مېيى قاتارلىقلارنى بېرىش لازىم. يېڭى تۇغۇلغان موزايلارنى ئوغۇز سۈتى بىلەن يېتەرلىك تويغۇزۇش كېرەك. ئوغۇز سۈتىنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن A مول بولغاچقا، ئوغۇز سۈتى يېڭى موزايلارنىڭ ئورگانىزمىغا زۆرۈر بولغان ۋىتامىن A نى تولۇقلاپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر يېڭى تۇغۇلغان موزايلاردا بۇ خىل كېسەللىك يۈز بېرىدىكەن، ئوغۇز سۈپىتىگە تويغۇزۇش، تەركىبىدە ۋىتامىن A مول بولغان دورىلارنى بېرىش، سۈتتىن ئايرىلغان بولسا، تەر-كىبىدە ۋىتامىن A كۆپ بولغان ئوزۇقلۇقلارنى بېرىش، ئاپتاپقا كۆپرەك سېلىش، ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا ۋىتامىن A نى ئوزۇقلۇقىغا قو-شۇپ بېرىش كېرەك. (02)

# زىرىنى ماشىنا بىلەن تېرىش ئۇسۇلى

باھارگۇل تۇرۇپ
(قاغىلىق ناھىيە چاسمىچىت يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىن 844900)

زىرە پىشىش ۋاقتى قىسقا، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى، كۆپ پەرۋىش كەتمەيدىغان، مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى، بازىرى ئىتتىك دورا ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ.

ناھىيەمىز يىللاردىن بۇيان زىرىنى قول بىلەن تېراتتى. 2005 ـ يىلى ماشىنا بىلەن تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. يەنى، ماشىنا ئارقىلىق تېرىشتا، ئۇرۇق چۇشۇرۇش ساندۇقىنى يوپۇق يېپىش ماشىنىسىغا ئورنىتىپ، يوپۇق يېپىش مەشغۇلاتى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ بىرلا ۋاقىتتا يوپۇق يېپىش، زىرە تېرىش مەشغۇلاتىنى ئورۇنلاپ، كۆپلىگەن ئەمگەك كۈچى ۋە چىقىم تېجەلدى.

**ئالاھىدىلىكى:** (1) ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللىتىدۇ. يەنى قول بىلەن تېرىشتا ئالدى بىلەن ماشىنا بىلەن يوپۇق يېپىپ، ئاندىن زىرە ئۇچۇن يوپۇق ئۈستىگە كامار ئېچىپ، ئۇرۇق سېلىناتتى. ماشىنا بىلەن تېرىلغاندا تەكرار مەشغۇلاتتىن قۇتۇلۇپ، ئەمگەك ۋاقتىنى، كۈچىنى تېجەپ ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. (2) ئۇرۇق تېجەيدۇ. قول بىلەن تېرىغاندا، ھەر موغا تۆت كىلوگىرام ئەتراپىدا ئۇرۇق تېرىلىدۇ. ماشىنا بىلەن تېرىغاندا ھەر موغا 1.8 ـ 2 كىلوگىرام ئۇرۇق تېرىلىدۇ. (3) مەشغۇلات ۋاقتىنى قىسقارتىپ، زىرىنىڭ ئۈنۈش، پىشىش ۋاقتىنى تېزلىتىدۇ. زىرە ھاۋا ئىسسىپ، تېخى توڭ ئېرىمەستە تېرىلىدىغان زىرائەت بولۇپ، تۇپراق قاتلىمىدا ئۇزۇن تۇرسا ئۇرۇق سېسىپ ئۈنمەيدۇ. شۇڭا ماشىنا بىلەن تېرىغاندا، بىر گۇرۇپپا بىر كۈندە 35 ـ 50 مو يەرگە يوپۇق يېپىپ، زىرە تېرىيدۇ. مەشغۇلات ۋاقتى 10 ـ 15 كۈن قىسقىراپ، ئۇرۇق بالدۇر ئۈنۈپ، بالدۇر پىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ماشىنا بىلەن تېرىغاندا، ئۇرۇق-

# زىرائەت ئۇرۇقىنىڭ ئۆمرى زادى قانچىلىك بولىدۇ

ئايشەمگۈل تاش    شەمشىقەمەر تۇرسۇن
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن 844000)

ئۇرۇق تولۇق پىشىپ ھاياتلىق ئىقتىدارىنى يوقاتقىچە بولغان جەريان ئۇرۇقنىڭ ئۆمرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقنىڭ ئۆمرى ئۆسۈملۈك تۈرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزىلىرىنىڭ بىر نەچچە ھەپتە ۋە يەنە بەزىلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن يىل بولىدۇ. تېرەك ئۇرۇقىنىڭ ئۆمرى بىر نەچچە ھەپتىدىن ئاشمايدۇ. كۆپ ساندىكى دېھقانچىلىق زىرائەت ئۇرۇقىنىڭ ئۆمرى ئادەتتىكى ساقلاش شارائىتىدا 1 ـ 3 يىلغىچە بولىدۇ. مەسىلەن: يەر ياڭىقى ئۇرۇقىنىڭ ئۆمرى بىر يىل، بۇغداي شال، كۆممىقوناق، سېرىق پۇرچاق ئۇرۇقىنىڭ ئۆمرى 3 ـ 6 يىل بولىدۇ. ساقلاش شارائىتىنى ياخشىلىسا ئۇرۇق ئۆمرىنى تېخىمۇ ئۇزارتقىلى بولىدۇ، بىراق دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇق يەنىلا يېڭى بولغىنى ياخشى. يۇقىرى

---

نىڭ بىخلىنىش ۋاقتى ۋە بىخلىنىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ، سېسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پىشىش ۋاقتىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كىرىشتۈرۈپ تېرىغان باشقا زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلىشقا قولايلىق يارىتىلىدۇ. (4) يوپۇق تېجەيدۇ. قول بىلەن يوپۇق ياپقاندا، بىر مو يەرگە 4.2 ـ 4.5 كىلوگىرام ئەتراپىدا يوپۇق يېپىشقا توغرا كېلىدۇ. ماشىنا بىلەن مەشغۇلات قىلغاندا، 3.2 ـ 3.5 كىلوگىرام يوپۇق كېتىدىغان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر كىلوگىرام يوپۇقنى تېجەيدۇ. بىر كىلوگىرام يوپۇقنى 13 يۈەن ھېسابلىغاندا، بىر مو يەردىن 13 يۈەن تېجىلىدۇ. (5) ئايرىم ئېنېرگىيە كەتمەيدۇ، پەقەت يوپۇق يېپىش ماشىنىسىغا ئورناتساقلا بولىدۇ. (02)

تېمپېراتۇرا ۋە نەم شارائىت ئۇرۇقنىڭ نەپەسلىنىش رولىنى كۈچەيتىپ، تەركىبىدىكى ماددىلارنى خورىتىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېنېرگىيە چىقىرىپ، ئاقسىلنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىپ، ئۇرۇقنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىدۇ.

ھەر خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنىڭ ئۆمرى ناھايىتى زور پەرقلىنىدۇ. ئۇ-رۇق ئۆمۈرىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشى ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيەت ئالامە-تى ۋە يېتىلىشىنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندىن باشقا، مۇھىت شارائىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بەزى زىرائەت-لەرنىڭ ئۆمرى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ، مەسىلەن: بىرازىلىيە كاۋچۇكى ئۇرۇ-قىنىڭ ئۆمرى پەقەت بىر ھەپتە بولىدۇ. يەنە بەزى زىرائەتلەرنىڭ ئۆمۈرى ناھا-يىتى ئۇزۇن بولىدۇ، مەسىلەن: نىلۇپەر ئۇرۇقىنىڭ ئۆمرى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، يۈز يىل ھەتتا مىڭ يىل بولىدۇ. مۇۋاپىق ساقلاش شارائىتىنى قوللى-نىپ، ئۇرۇقنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقىنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تېمپېراتۇرىسى، نەملىكى تۆۋەن، قاراڭغۇ ھەم ھاۋادىكى ئوكسىگېن مىقدارى تۆۋەنلىتىلگەن مۇۋاپىق شارا-ئىتنى ھازىرلىسا، مەسىلەن: بۇغداي ئۇرۇقىنى ئادەتتىكى شارائىتتا پەقەت 2 ـ 3 يىل ساقلىغىلى بولسا، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن بىر گىرادۇس، نىسپىي نەملىك 30%، ئۇرۇق تەركىبىدىكى سۇ مىقدارى 4% ـ 7% بولغان شارائىتتا 13 يىل ساقلىغىلى بولىدۇ. ھەتتا تېمپېراتۇرىنى 10℃ـ، نىس-پىي نەملىكنى 30%، ئۇرۇقنىڭ تەركىبىدىكى سۇ مىقدارىنى 4% ـ 7% كە چۈشۈرسە، 35 يىل ساقلىغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر تېم-پېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىپ، قۇرغاق ھەم ھاۋا تەڭشەش تېخنىكىسىنى قوللى-نىپ، سۈپەتلىك ئۇرۇق ساقلاش خىزمىتىنى تېرىقچىلىقنىڭ ئاساسى قى-لىپ، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى تېجەپ، ھەم سۈپىتىگە ھەم مەھسۇلا-تىغا كاپالەتلىك قىلماقتا. (02)

# بۇغداي ئۇرۇقىنى ساقلاش ئۇسۇلى

ئاسىمگۈل ئابلىمىت
(يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844000)

ھەر خىل زىرائەت ئۇرۇقلىرى ئىچىدە بۇغداي ئۇرۇقىنى ساقلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى بۇغداي ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرى. بۇغداي ئۇرۇقىنى ئامبارغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇرۇقنىڭ ساقلىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، بۇغداي ئۇرۇقىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش كېرەك.

1. ئۇرۇقنى ياخشى قۇرۇتۇش لازىم. ئۇرۇق تەركىبىدە ئەركىن سۇ ۋە بىرىكمە سۇدىن ئىبارەت ئىككى خىل سۇ بولىدۇ، ئەركىن سۇ ھۈجەيرە ئارىلىقىدا بولىدۇ، بىرىكمە سۇ ھۈجەيرىدىكى ئاقسىل ۋە باشقا پىروتوپلازمىلار بىلەن بىرىكىپ تۇرىدۇ. ئۇرۇقنىڭ پىششىقغا ئەگىشىپ ئۇرۇق تەركىبىدىكى ئەركىن سۇنىڭ مىقدارى تۆۋەنلەيدۇ. ئۇرۇق قۇرۇپ ئەركىن سۇ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشكەندە ئۇرۇقتىكى پارچىلىغۇچى ئېنزىملار تىنچ ھالەتكە كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇقنىڭ نەپەسلىنىشى ئاستىلىشىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشىدۇ. بۇ ئۇرۇق تەركىبىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ بىخەتەر نەملىك چېكى بولۇپ، بۇغداينىڭ 12% بولىدۇ. ئەگەر ئۇرۇق تولۇق قۇرۇتۇلماي ئامبارغا كىرگۈزۈلسە، ئۇرۇقنىڭ نەپەسلىنىشى تېزلىشىپ، تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەيدۇ، ئۇرۇق دۆۋىسى قىزىپ كېتىپ، بىخلىنىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ، كۆكىرىشكە، چىرىشكە باشلايدۇ. شۇڭلاشقا بۇغداي ئۇرۇقىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئاپتاپتا ياخشى قۇرۇتۇپ، تەركىبىدىكى نەملىكنى بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ، ئاندىن ئامبارغا كىرگۈزۈپ ساقلاش كېرەك.

2. بۇغداي ئۇرۇقىنى ساقلايدىغان ئامبارلارنى ياخشى تازىلاش كېرەك. بۇغداي ئۇرۇقىنى ئامباردا ياكى ئۇرۇق قالدۇقى قالغان تاغارلارغا قاچىلىسا ئارىلىشىپ، ئۇرۇقنىڭ ساپلىق دەرىجىسى تۆۋەنلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئامباردىكى قالدۇق ئۇرۇقلارنى تەلتۆكۈس بىر تەرەپ قىلىپ، ئامبارنى ۋە بۇغداي قاچىلايدىغان تاغارنى ياخشى دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. ئۇرۇقلۇق بۇغداي چىگە، ماتا تاغارغا قاچىلاپ ياكى ئامبارلاردا دۆۋىلەپ ساقلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئامبارنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ھەمدە چاشقان ۋە قۇچقاچلارنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنالايدىغان بولۇشى لازىم.

3. ئامبارغا بۇغداي ئۇرۇقىنى ئەكىرىشتىن بۇرۇن ئۇرۇقنى ياخشى تاللاش كېرەك. ئۇرۇق ئارىسىدىكى پوچەك دان، كېسەللەنگەن دان، لاي، قوم قاتارلىق ئارىلاشمىلارنى شاللىۋېتىپ، ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، تاغارلارغا قاچىلاش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان بۇغداي ئۇرۇقلىرىنى ئايرىم - ئايرىم تاغارلارغا قاچىلاپ رەتلىك قويۇش كېرەك. سورت تۈرى ۋە سۈپەت دەرىجىسى بويىچە ئايرىم - ئايرىم قويۇپ، تاغارنىڭ ئىچىگە ۋە تاغارنىڭ تېشىغا سورت نامى، سۈپەت دەرىجىسى، ئىشلەپچىقارغان يىل، ئىشلەپچىقارغان ئورۇن قاتارلىقلارنى ئەسكەرتىپ يېزىش كېرەك. شۇنداقلا ساقلاش جەريانىدا يەردىن نەم ئۆتۈپ ئۇرۇق سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تاغار ئاستىغا ياكى دۆۋىنىڭ ئاستىغا ياغاچ قويۇش ياكى ياغاچتىن ياسالغان مەخسۇس جازا قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۇرۇقلارنى ئۇزۇنراق ئۆز سۈپىتى بىلەن ساقلىغىلى بولىدۇ.

4. نەملىكنى تىزگىنلەش لازىم. بۇغداينىڭ ساقلاش نەملىكى 12% ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. ئامبارغا كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى، نەملىكنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ، ئاندىن ئامبارغا كىرگۈزۈش ھەمدە ساقلاش جەريانىدا پات - پات نەملىكنى تەكشۈرۈپ نەملىكنى تىزگىنلەش كېرەك. ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، داۋاملىق قەرەللىك ھالدا ئامبار تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش لازىم. ئۇرۇق نەملىكى، تېمپېراتۇرىسى، بىخلىنىش نىسبىتى، ھاشارات زىيىنى قاتارلىقلارنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، مەسىلە بايقالغان ھامان ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ ئامبارنى دائىم دېزىنفېكسىيە قىلىپ تۇرۇش كېرەك. ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئامبارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئېچىپ - يېپىشقا دىققەت قىلىپ، ئامبارنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ، مۇۋاپىق بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم.

6. ئۇرۇقنى دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن بىر ئامباردا ساقلاشقا بولمايدۇ. (03)

# مېھنەت بىلەن گۈللەنگەن مەنىلىك ھايات

ھەلىمە تۇرسۇن
(«يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن 830091)

يىللار ئۆتىدۇ، ئۆمۈر كېتىدۇ، ئىنساندىن ياخشىلىق ۋە تۆھپە قالىدۇ. ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ چىرايىنىڭ گۈزەل بولۇشى ياكى كىيىم - كېچىكىنىڭ پوزۇر بولۇشى ۋە ياكى مەنسەپ، مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى بىلەن ئۆلچەنمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە قوشقان تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئاساسىي قاتلام ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر مۇخبىر، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخباراتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە چاستوتىسىنىڭ تەكلىپلىك باھالىغۇچىسى، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرى، بەختىيار، گۈزەل ھاياتنىڭ ھارماس كۈيچىسى، ئەلنى سۆيگەن، ئەلمۇ سۆيگەن، ئەل قەلبىدىكى تىرىشچان مۇخبىر ئوبۇلقاسىم مەتنىياز «يورۇڭقاش» نىڭ ئەمەلىيىتى بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلىدى.

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يورۇڭقاش 1959 - يىلى يانۋاردا لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزىسىنىڭ بەگئېرىق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1975 - يىلى 7 - ئايغىچە ھاڭگىيا يېزىلىق باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ۋە لوپ ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1981 - يىلى 7 - ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ لوپ سىنىپىدا، 1984 - يىلى 9 - ئايدىن 1987 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خوتەن تارماق مەكتىپىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە، 1998 - يىلى 9 - ئايدىن 2004 - يىل 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئۆزلۈكىدىن ئوقۇغان. ئۇ 1981 - يىلى 9 - ئايدا «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، ئىزچىل تۇردە شۇ ئورۇندا ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يورۇڭقاش كىچىككىنىدىلا كىتاب ئوقۇشقا، يېزىقچى-

لىققا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىدىن باشلاپلا شېئىر - قوشاق، خەۋەر - ماقالە يېزىشقا ئىنتىل ئەھمىيەت بەر- گەن. ئۇنىڭ يازغان شېئىر - قوشاق، خەۋەر - ماقالىلىرى ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپ «تام گېزىتى»، رادىيو پونكىتى ۋە ناھىيەلىك خەلق رادىيو ئۇزې- لى، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى» دە پات - پات ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور ئىشەنچىسىگە ئېرىش- كەن. ئۇنىڭ «خوتەن گېزىتى» گە تەقسىم قىلىنىشى گويا بۇبۇل بوستاننى تاپقاندەك ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ، خىزمەتكە كىرىشكەندىن كېيىن ئاخ- باراتچىلىق كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئاخباراتچىلىق ئىلمى، مۇخبىرلىق سەنئىتىنى ئىجتىھات بىلەن بېرىلىپ ئۆگەنگەن، پېشقەدەم ئاخباراتچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى تەكرار ئوقۇپ، كۆپلەپ ماتېرىيال توپلىغان. ئۇ، مۇخبىرلىق قىلىش داۋامىدا جاپادىن، ئۇزۇن يول يۈرۈشتىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، خوتەن ۋىلايىتى تەۋەلىكىدىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىگە بېرىپ مۇخبىرلىق قىلغان. مەكتەپ، زاۋۇت، كان- كارخانا، دوختۇرخانا، ھەربىي قىسىمنىڭ گازارمىلىرى، سۇ ئىنشائا- تى قۇرۇلۇش مەيدانلىرى، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بازىلىرى، ئورمانچىلىق پونكىتلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، بوز يەر ئېچىش رايونلىرىغىچە نەچچە قېتىملاپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ مۇخبىرلىق قىلغان. قەدىمىي قاشتېشى دىيارى خوتەننىڭ شەرقىدىكى تەكلىماكان باغرىغا جايلاشقان نىيە ناھىيەسىنىڭ يېيىق يېزى- سىدىكى ئالتۇنبۇلاق يايلىقىدىن، خوتەننىڭ غەربىدىكى ھەيۋەتلىك قاراقۇ- رۇم تاغ تىزمىلىرى ئېتىكىدىكى گۇما ناھىيەسىنىڭ نەۋئابات تاجىك مىل- لىي يېزىسىغىچە بولغان 86 يېزا - بازارنى، قەدىمىي يورۇڭقاش ۋادىسى- دىن، ئوتتۇرا تادىم قۇملۇق تاشيولىغىچە پۈتكۈل خوتەن دىيارىنى ئايلىنىپ مۇخبىرلىق قىلىپ، ئۆچمەس قەدەم ئىزلىرىنى قالدۇرغان. ئۇ بۇ جەرياندا ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، چارۋىچى، ساقچى، ئوقۇتقۇچى، پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ئۆسمۈر بالىلار ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىسىدىن تاكى ھاكىم، ۋالىي، نازىر، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ۋە دۆلەتنىڭ بىر قىسىم رەھبەر-

لىرىگىچە ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپ، خىلمۇ - خىل قاتلامدىكى كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىش، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى توغرىسىدا ئىلغار تىپلار بولۇپ 10000 پارچىدىن كۆپرەك خەۋەر، تەپسىلىي خەۋەر، زىيارەت خاتىرىسى، مۇخبىرلاردىن خەت، ئوچېرىك، مۇلاھىزە، تەكشۈرۈش دوكلاتى، سەپەر خاتىرىسى، ئەدەبىي ئاخبارات قاتارلىق ھەر خىل ژانىردىكى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ۋە بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ۋە نەق مەيداندىن سۈرەتكە تارتىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا توغرىسىدا يېڭى ئۇچۇرلارنى تارقىتىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، تىنچ، ئىناق، مۇقىم بولغان چوڭ، ياخشى ۋەزىيەتنى قىزغىنلىق بىلەن جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدا تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ يازغان ئاخبارات ئەسەرلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى گېزىت، ژۇرنال، رادىيو - تېلېۋىزورلاردا ۋە مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىدا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئالقىشقا ئېرىشكەن. شۇڭا بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاممىۋى مەمنۇنىيەت بىلەن ئۇنى: «ئەدەپ - ئەخلاقلىق، خەلق تىلىغا باي، ئاڭقى چاققان، ئىنكاسى تېز، پۇتى تۆمۈر، مول ھوسۇللۇق مۇخبىر» دەپ تەرىپلىگەن.

ئۇ، ئۇزۇن يىللىق مۇخبىرلىق قىلىش پائالىيىتى داۋامىدا ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەد، تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئابدۇرەھىم ھامۇت، نەيىم ياسىن، ماھنۇر قاسىم، مىجىت ناسىر قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن سەمىمىي كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يورۇقچىلىق ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 33 يىلدىن بۇيان، ئامما ئارىسىغا كۆپلەپ بېرىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئويلاشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا، يېزىشقا، دادىل، جۈرئەتلىك بولۇپ، 200 پارچىدىن كۆپرەك ھەر خىل ژانىردىكى

ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ۋە 31 پارچە ئىلمىي ماقالە ھەمدە 24 پارچە ئوبزور يېزىپ ھەمدە بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ، كەسىپداشلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ 98 پارچە ئاخبارات ئەسىرى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتى ۋە شىنجاڭ نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاش ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ ساھەلەر بويىچە ئۇيۇشتۇرغان مۇنەۋۋەر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيەتلىرىدە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە «جۇ زۇڭلىنىڭ بادام دەرىخى»، «مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن گۈزەل بۇ ئالەم»، «باش شۇجى دېھقانىنىڭ ئۆيىدە»، «خىسلەتلىك قول»، «قېرىنداشلىق مېھرىدىن ياشنىغان كۆچەت»، «ئالقىشلانغان دېھقان تېخنىك»، «پەن ـ تېخنىكىدىن يول تاپقانلار»، «ئىناقلىقتىن سۇ ئىچىدۇ كۆڭۈلدىن كۆڭۈل»، «ئىناقلىق تەرەققىياتنىڭ ھارماس كۈيچىلىرى»، «ياشانغاندا ياشارغان يۈرەكنىڭ ئارمىنى»، «ئۈزۈلمەس دوستلۇق رىشتى»، «يوروۇڭقاش ۋادىسىدىكى ئۆچمەس ئىزلار»، «ئۆزگىچە ئېچىلغان سەھرا گۈلى»، «قاشتېشىغا ئەسىر قەلب»، «بەختى كۈلگەن گىلەمچى»، «بەختىيار ھاياتنىڭ ئىجادچىلىرىدىن بولايلى»، «دېھقان كۈلسە مەنمۇ كۈلەلەيمەن»، «گۈزەل ھاياتنىڭ ياڭراق كۈيچىسى» قاتارلىق ئۇچېرىك، ئەدەبىي ئاخبارات، مۇلاھىزە، ئاخبارات ئەسەرلىرى ۋە بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، بەزى ئاخبارات ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يوروۇڭقاش يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان چوڭقۇر ئىشتىياقى بىلەن خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى، ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرنال، رادىيو ـ تېلېۋىزورلاردا، ئۇنىڭ ھازىرغىچە 350 پارچە شېئىر، 200 پارچە نەسىر، 60 پارچە ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئەسلىمىلىرى ئېلان قىلىنغان. «يوروۇڭقاش شادلىقى»، «سەھەردىكى ناخشا»، «خوتەندە راۋان يوللار»، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، «چىرىدىن ھالقىغان

ئوغلان»، «قەلبتىن قەلبكە يول»، «مايتاغ ناخشىلىرى»، «مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى»، «دەۋر ساداسى»، «خويمۇ ئۆز خوتەن» قاتارلىق بىرلەشمە توپلاملارغا بىر قىسىم ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ يەنە «ئانا يۇرتتا ئالتۇن كۈز»، «خوتەندە راۋان يوللار»، «سەھنىدە ئۆتكەن مەنىلىك هايات» قاتارلىق بەدىئىي تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىملىرىگە ۋە «ئاق كېچە»، «گۈل پەرى»، «تۈندە ياڭرىغان ناخشا»، «تەبەسسۇم»، «گۈلباغدا توي شادىيانىسى» قاتارلىق ئۈن - سىن پىلاستىنكىلىرىغا ئۇ يازغان تېكىستلەرگە ئىشلەنگەن ناخشىلار تاللاپ كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭ 36 پارچە تېكىستىگە نۇرمۇھەممەت سايىت، ھېكىم ھەسەن، ئىمىنقان يۇسۇپ، ئىگەمبەردى مۇھەممەت، نەبىجان قاتارلىق داڭلىق كومپوزىتورلار تەرىپىدىن ئاھاڭ ئىشلىنىپ، جەمئىيەتكە كەڭ تارقىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مۈلكىگە ئايلانغان. بۇنىڭ ئىچىدىن «ئانا يۇرت سۆيگۈسى»، «خەلقىم - ئۇلۇغ ئۇستازىم»، «ۋەتەندۇر جانىجان بەختىم»، «ياشا ئىجادكار، قەھرىمان خەلقىم»، «ئەل گۈللەيدۇ ئەمگەكتە»، «يۇرتۇم - بەختىنىڭ گۈلشىنى»، «يوروڭقاش دەرياسى»، «يوروڭقاش قىزى»، «گۈل كۆرۈنەر يار ماڭا»، «دېھقان ئۇلۇغ مېھنەتكەش»، «مۇھەببەت بىلەن ياشنايدۇ ئالەم»، «تۆھپىكارلارغا سالام» قاتارلىق ناخشا تېكىستلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئىجادىي ناخشىلارنى قوبۇل قىلىش ۋە باھالاش پائالىيەتلىرىدە 1 - ، 2 - ، 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يوروڭقاشنىڭ مول ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرىگە ئاساسەن 1994 - يىلى مۇخبىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى، 2010 - يىلى مۇدىر مۇخبىر ئىلمىي ئۇنۋانىغا مۇشەررەپ بولغان. ئۇ، ئۇن نەچچە قېتىم «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى»، 1995 - يىلى 10 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان باھالاشتا تۇنجى نۆۋەتلىك كۆزگە كۆرۈنگەن «10 تۆھپىكار ياش» نىڭ بىرى، شۇ يىلى ئۇ يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتىدىكى «مۇنەۋۋەر مۇخبىر» دېگەن شەرەپلىك نامىلارغا ئېرىشىپ، مەركىزىي خەلق رادىيو

ئىستانسىسى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»ژۇرنىلى، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي باشقارمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «خەلق ئارمىيەسى گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق ئەسكەرلىرى گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان. 1997 ـ يىلى 11 ـ ئايدا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەشكىللىگەن شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە تەكلىپ بويىچە قاتنىشىپ، ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا قاتنىشىپ، چوڭقۇر تەسىرات ۋە جۇشقۇن ئىلھاملارغا ئىگە بولغان.

ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يورۇغقاش ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە چاستوتىسىنىڭ تەكلىپلىك باھالىغۇچىسى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تەلىپلىك ئىستون يازغۇچىسى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» قاتارلىقلارنىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرى، شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى خوتەن ۋىلايەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇنىڭ جاپالىق مېھنىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان «ئەل ئوغلانى» ناملىق كىتابى 2012 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىجابىي تەسىر قوزغىدى. ئۇ يېقىندا يەنە ئۆزىنىڭ «ئۆچمەس دوستلۇق يالقۇنى»، «مېھنەت پەرۋازى»، «مۇھەببەتتە گۈزەلدۇر ئالەم»، «مۇھەببەت يالقۇنى»، «ئۇنتۇلماس يادنامىلەر» قاتارلىق كىتابلىرىنى نەشرىياتقا سۇندى. بۇ تىرىشچان، قەيسەر، ئىرادىلىك مۇئەللىپنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ ۋە مېھنىتىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشكۈسى. مەن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ئىشلىرىغا ئۇتۇق، تېنىگە سالامەتلىك، تۇرمۇشىغا بەخت، ئامەت، خۇشاللىق تىلەپ زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم. (05)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**1 ـ ماددا** بۇ قانۇن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى ئاسراش، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈش، سوتسىيالىزىم ئىشلىرىنىڭ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇندا بىنائەن چىقىرىلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ قانۇندا ئېيتىلغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەر 18 ياشقا توشمىغان پۇقرالار كۆرسىتىلىدۇ.

**3 ـ ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ياشاش ھوقۇقى، يېتىلىش ھوقۇقى، قوغدىلىش ھوقۇقى، قاتنىشىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە. دۆلەت قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئالاھىدە ۋە ئالدى بىلەن قوغدايدۇ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە چېقىلدۇرمايدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەر بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە، دۆلەت، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلىلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەر جىنسىي، مىللىتى، ئىرقى، ئائىلە مال ـ مۈلۈك ئەھۋالى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارغا قارىماي، ھوقۇقىدىن قانۇن بويىچە باراۋەر بەھرىمەن بولىدۇ.

**4 ـ ماددا** دۆلەت، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلىلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە غايە تەربىيەسى، ئەخلاق تەربىيەسى، مەدەنىيەت تەربىيە، ئىنتىزام ۋە قانۇنچىلىق تەربىيەسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم ۋە سوتسىيالىزم تەربىيەسى بېرىدۇ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان، ئەمگەكنى سۆيىدىغان، پەننى سۆيىدىغان، سوتسىيالىزمنى سۆيىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، كاپىتالىستىك، فېئودال ئىدىيە ۋە باشقا چىرىك ئىدىيەلەرنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرىدۇ. (05)

# دېھقان ئىشلەمچىلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

پاتىگۈل تەۋەككۈل
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى ئىگىلىك باشقۇرۇش بۆلۈمىدىن 844000)

دېھقان ئىشلەمچىلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا كەڭ تارقالغان، ئۇلار ئېلىمىزنىڭ سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى جەڭگىۋار قوشۇنىدىن ئىبارەت. شۇڭا دېھقان ئىشلەمچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە قوغداپ، دېھقان ئىشلەمچىلەر مەسىلىسىنى يەنىمۇ ياخشى ھەل قىلىش ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دېھقان ئىشلەمچىلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ھەم مۇھىم تەلىپى، شۇنداقلا شەھەر - يېزا خەلقىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات مېۋىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلىپ، ئورتاق بېيىش يولىغا يېتەكلەشنىڭ يولى.

1. دېھقان ئىشلەمچىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئۇلار بىلەن ئەڭ بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئەڭ رېئال مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىش كېرەك.

2. دېھقان ئىشلەمچىلەرگە قارىتىلغان بارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى باشقۇرۇش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى شەھەر ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

3. دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇش ۋە ئىش ھەققىنى نىسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىپ، ئىش ھەققى بېرىشنى نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش تۈزۈمى ۋە ئىش ھەققى كاپالەت فوندى تۈزۈمىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك.

4. ئەمگەك توختام تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ھوقۇق - مەسئۇلىيەت ئېنىق بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش كېرەك. نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى، سالامەتلىكىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.

5. دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت مەسىلىسىنى ئاكتىپ، سالماق ھەل قىلىپ، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەللىنى داۋالاش سۇغۇرتىسى، كۈتۈنۈش كاپالىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەل قىلىش كېرەك. (05)

# ئاپتورلار ئېسىگە

«يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىۋاتقان، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال. ئالدى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى ئىزچىل قوللىغان ھەر ساھەدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ، سۈپەتلىك ماقالە بىلەن تەمىنلەۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە تېنىڭلارنىڭ ساغلام، ئىشلىرىڭلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز. شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇش، ماقالە يېزىش ۋە ماقالە ئەۋەتىشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

1. ئاپتورلار ماقالىنى سۆز - جۈملىلىرى ئېنىق، ئىملاسىنى توغرا قىلىپ، كومپيۇتېردا (ئەلكاتىپ خەت سىستېمىسىدا) ئۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىمىزغا يوللاڭ. تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ ئېلخەت ئادرېسى: 2569823386@qq.com؛ QQ نومۇرى: 2569823386.

2. ماقالە ماۋزۇسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى، ئىسىم - فامىلىڭىزنى كىملىكتىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىنى يېزىپ ئەۋەتىڭ.

3. ماقالىدىكى ھەرقانداق ئاتالغۇ، دورا ۋە سورتلارنىڭ نامىنى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئۆلچەملىك يېزىپ ئەۋەتىڭ.

4. ماقالىدىكى سان - سىفىرلارنىڭ ئېنىق، توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىدارىڭىزنىڭ مەسئۇل خادىمىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىدارىنىڭ تامغىسىنى باستۇرۇپ ئەۋەتىڭ.

5. ماقالىنىڭ ئاخىرىغا ئادرېسىڭىز، خىزمەت ئورنىڭىز، ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرىڭىز ۋە ئېلخەت ئادرېسىڭىزنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىڭ.

6. ژۇرنىلىمىز ئايدا بىر سان نەشر قىلىنىدۇ، ماقالىلارنىڭ پەسىلگە ماس كېلىشى ۋە ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىمكان بار شۇ پەسىل كېلىشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىڭ.

ئادرېسىمىزنى ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ «يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تېگىدۇ، دەپ يازسىڭىز بولىدۇ. (05)

# كۆلۈپ گۈلدەك ياشا، مۇخبىر

ئىدرىس مەتسىيىت قەدىناس
(گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى)

باھار-يازنىڭ ھاۋاسىدەك خۇلقىڭ ياقىدۇ ماڭا، مۇخبىر،
تولۇپ تاشقان مۇھەببەتتە غەزەل يازدىم ساڭا، مۇخبىر.

ۋۇجۇدۇڭدا لاۋۇلداپ ئوت، كۆزۈڭدىن نۇر ياغار قىش-ياز،
قۇياشلىق تاڭ ساڭا بەرگەچ گويا سۈتتەك ھاۋا، مۇخبىر.

دېمەي ئاھىم، يېمەي ۋايىم، كېزىپ سەھرا-شەھەرلەرنى،
ۋەتەن كۈتكەن ئۈمىدلەرنى، قىلىپ كەلدىڭ ئادا، مۇخبىر.

قىلىپ تەشۋىق خەلقلەرگە، ئۇلۇغ مەركەز جاكاسىنى،
ياراتقان ئىش-ئىزىڭ تىلدا داۋام بولغاچ ناۋا، مۇخبىر.

بولۇپ مەسئۇل ۋەزىپىگە، ۋەتەن-ئەلگە ساداقەتمەن،
بىنا قىلدىڭ چىمەنزارنى چېكىپ جەبرى-جاپا مۇخبىر.

بولۇپ كەۋسەر دەشتلەرگە، چىمەنلەرگە باھار-ئاپتاپ،
توقۇپ چىقتىڭ ئەجىر-تەردە سۈپەتلىك زەر-تاۋا، مۇخبىر.

سېنىڭ بىرلە گۈزەللىكلەر، ئەجەب رۇخسار جامائەتكە،
يامان ئىللەت، رەزىل قىلمىش، يېدى قامچا راسا، مۇخبىر.

يېمەي قىش-ياز ئۆزۈڭدىن غەم، يېگەچ ئەلنىڭ غېمىنى كۆپ،
ساڭا بەردى ئۇلۇغ خەلقىڭ «تۆھپىكار» دەپ باھا، مۇخبىر.

ئىناق-دوستلۇق شۇئارىڭدۇر، ئەدەپ-ئەخلاق تۇمارىڭدۇر،
بەخش ئەتتى خۇشاللىقنى، ساڭا ئەخلاق-ھايا، مۇخبىر.

باھارنىڭ ئۆز سۆزۈڭ تاڭدەك، يولۇڭ داغدام، زامانىڭ ھۆر،
ئانا يۇرتۇڭ قۇچاقىدا، كۆلۈپ گۈلدەك ياشا، مۇخبىر.

قانائەتتىن بولۇپ خالى، تىرىش-تىرماش يېڭى جەڭدە،
بېرەر ھۆرمەت-ئىناۋەتنى، ئەجىر-مېھرىڭ يانا، مۇخبىر.

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2014-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز !



ئوبۇلقاسىم مەتنىياز يورۇڭقاش ۋە كەسىپداشلىرىدىن مۇخبىرلار بايرىمىلىق خەلقىمىزگە ئوتلۇق سالام.

تۇرغۇنقان تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

# يېزا پەن — تېخنىكىسى
(ئايلىق ژۇرنال)

# 农村科技
(月刊)


باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «يېزا پەن -تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن    تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 — 0991

مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا    ئەنۋەر مۇھەممەت

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ    پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى    باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 123    ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016